# دۇنيا ئەدەبىياتى

DUNYA
ƏDIBIYATI

1982

6



# دۇنيا ئەدەبىياتى

1982 - يىل 6 - سان (ئىككى ئايلىق مەجمۇئە)

بۇ ساندا

## ھېكايىلەر

ئانتال ۋىك (ۋېنگرىيە)
بەختلىك بىر كۈن..........................م. زۇنۇن تەرجىمىسى 1

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)
خوشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايدىغان جاناپ... ھ. باقى تەرجىمىسى 16

يۇ. ناگىبىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)
مۇئەللىم بولماق نېمىدېگەن تەس...م. مەتمىن تەرجىمىسى 28

مىخائىل نەئىمە (لىۋان)
ئىشەك قۇيرۇغى.........................ئا. پولات تەرجىمىسى 70

ئى. م. مىسرات (لىۋىيە)
تونۇش - بىلىش........................ئو. توختى تەرجىمىسى 18

ئو. گونچار (سوۋېت ئىتتىپاقى)
مەڭگۈ سەپتىن قالمايمىز..................ئا. ئىمىن تەرجىمىسى 102

جىلڭ شاڭجىلڭ (ياپونىيە)
مۇكاپاتلاش..............................ئا. سونۇر تەرجىمىسى 116

ۋ. شىشكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئاجايىپ قىزىق بىر ئىش............دى. ئىمىن تەرجىمىسى 135

خوجا ئابباس (ھىندىستان)

ئۈچ ئايال......................ئە. ئىبىرايىم تەرجىمىسى 148

ۋىلىيام سارويان (ئامېرىكا)

چوپان قىز......................خ. ئىسمائىل تەرجىمىسى 156

ف. گېدېس (دانىيە)

ئەتىۋالىق قوزا..................ھ. سوپى تەرجىمىسى 160

ئاناتول فرانس (فرانسىيە)

ئايالالار تۈرمىسى......................غۇلامجان تەرجىمىسى 172

رىزا ناسىر (لىۋان)

ئىشەكنىڭ سىرى......................ئە قۇربان تەرجىمىسى 180

# بەختلك بر كۈن

ئانتال ۋېك (ۋېنگرىيە)

بر تۇل خوتۇن بار ئدى. ئۇ بويى ئگز، ئورۇق، ئاجز بولۇپ، جۈدەڭگۈلكتىن ياڭاقلرى ئچگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئدى، ئككى كالپۈكنى دائم دگۈدەك چڭك يۇمۇپ يۈرەتتى. ئۇنڭ قولغا بر نەچچە تال سوگەل چقىقان بولۇپ، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئۇنى ئالدۇرۇۋېتشنى ئويلغان بولسمۇ ۋاقتىدا قلمدى، هازر ئۇنى ئېلۋېتشنڭ هاجتمۇ قالمغان ئدى.

ئۇنڭ ئويى تاغ باغرىدا ئدى. لېكن ئۇ تاغ ئۈستدكى مەهەللەرگە كەمدن-كەم باراتتى، چۈنكى ئۇنڭ پۇتى ئاغرىپ تاقا چقشتا قىينلاتتى؛ مۇبادا ماگزنغا بېرىپ، برەر نەرسە ئېلشقا توغرا كەلسە، ئۇنڭ سودىسنى كېلنى قلاتتى. كېلنى كەلگچە كېلننڭ بۇيرىغان ئشنى پۈتتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئۇ تۇل خوتۇن ئوغلى بلەن بر ئويدە تۇراتتى، ئۇلار بر قورادا برگە تۇرسمۇ، لېكن ئائلە ئشلرنى هەر قايسى ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ئدى.

ئوغلى توي قلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۇلار تاماقنى بىللە ئېتىپ يېيىشتى، لېكن كېينچرەك ئۆزئارا چقشالماي ئايرىم بولۇۋېلشتى. ئويدكى قازان-قومۇچ، گۈرۈچ، ماي، تۇز ئەيتاۋۇر

ھەممە نەرسە - كىرەك ئىككىگە بولۇنۇپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇلار بىر - بىرى بىلەن جېدەللەشمىدى، لام - جىم دېيىشمەي شۇنداقلا بولۇنۇپ ياشاشتى.

بۇ موماي كېلىنىدىن ئاغرىنغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنمىغان ئىدى، پەقەت بىرلا قېتىم خوشنا ئايالغا ئاستا ھال ئېيتىپ: "قوسىقىم دەردكە توشۇپ كەتتى، كېلىنىم بىلەن بىر سوقۇشاي دەيمەن" دېگىنىدە، خوشنا ئايال پەس ئاۋازدا:

— ۋاي جېنىمەي! — دەپلا قويدى. سوز شۇنىڭ بىلەن تامام بولغان ئىدى.

مومايىنىڭ توكىدىغان نۇرغۇن دەرت - ئەلەملىرى بولسىمۇ، لېكىن ئېچىگە سىلىپ گەپ قىلماي ئۇتىۋەردى. ئۇ كېلىنىنى يامان كورمەيتتى. كېلىنى ئۇنى خاپا قىلغاندىمۇ، "مەن ئۇنىڭ قىلغىنىغا زادى چىدالمىدىم، ھەي، زادى چىدالمىدىم!.." دېگەن سوزنىلا تەكرارلايتتى. لېكىن ئۇ كوڭلىدە: "ئەگەر باشقا بىر لايىق تېپىلسا، ئوغلۇمنى ئۇنىڭدىن ئاجراشتۇرۇپ ئالسام خويمۇ ياخشى بولاتتى" دەپ ئويلايتتى.

دوروس، ئوغلى بورۇنلاردا ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇلار بىر - بىرىگە كوز بېقىشىپ ئوتىۋاتسا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن قانداقمۇ ئاجراتقىلى بولسۇن؟!

مومايىنىڭ يولدىشى ئۇستا ئۇزۇمچى ئىدى. ئۇ زەردى يامان كىشى بولۇپ، مىجەزى ئوغلىدىن چۇس ئىدى. نەشپۇت قىيمىسىدا ئەتكەن تاتلىق جۇۋاۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشقا مومايىنىڭ كوڭلى ئۇنىمايتتى. لېكىن كېلىنى سەي شورپىسىنى كۇن بويى مۇزدەك ئوچاقنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قوياتتى. قاچىدا چىۋىن ئۇۋۇلاپ كەتسىمۇ، كەچتە ئازراقلا ئىسسىق ئوتكۇزۇپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا قوياتتى.

بىر قېتىم ئانا:

— جۇۋاۋىغا تېخى ئىسسىق ئۇتمىدى، دېيىشىگە ئوغلى ئۇ-نىڭ گېپىنى بولۇپ:

— ئاپا، مىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ، — دىدى.

ئىش شۇنداق ئوتۇپ كەتتى. لېكىن ئانا ئۇن سېلىپ يىغ-لىۋېتىشكە تاس قالدى.

"ئاپا" دىگەن سوزمۇ ئۇنىڭغا بولەكچە تۇيۇلاتتى. بۇرۇن ئوغلى ئۇنى "ئانا" دەيتتى. كېلىن بۇ ئويگە كېلىپ "ئاپا" دى-گەندىن كېيىن، ئوغلىمۇ شاتۇتىدەك ئۇنى دوراپ "ئاپا" دەيدىغان بولۇۋالدى.

ئوغلى كاندا ئىشلەيتتى. ئۇ شۇ يەردە بۇ قىز بىلەن تونۇ-شۇپ قالغان ئىدى. ئوغلى ئويگە قايتىپ قىز توغرىسىدا سوزلەپ بەرگىنىدە، ئانا: "قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمى نىمە؟ نىمە ئىش قىلىدىكەن؟ قىز تاماق ئېتەلەمدۇ؟ ئىشتا چاققانمۇ؟." دەپ تەپسىلى سورىغان ئىدى. ئوغۇل ئانىسىنىڭ سوئاللىرىغا قارىتا: "قىزغا گەپ سىغمايدۇ، تاماق - سەيلەرگە شۇنداق ئۇستا. بىز كاندا كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يىگەندىن كېيىن تاماقنىڭمۇ كا-رى چاغلىق دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئوغلى كۇن بويى ناخشا ئېيتىپ، ئىسقىرتىپ يۇرىدىغان، ھەر كۇنى سە-ھەردە ساقال ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئانا ئوغلىدىكى بۇ ئوزگىرىشلەرنى كوروپ يۇردى، لېكىن ئۇنى توي قىلماسلىققا ئۇندەشنى ئويلاپمۇ كورمىدى.

كېلىن بالا ساغلام، قامەتلىك، كوكرەكلىرى تولغان كېلىشىم-لىك قىز ئىدى، ئوغۇللارغا ئوخشاش قىسقا چاچ قويۇپ يۇرەتتى. موماي كېلىن قىزنىڭ كالتە چاپانلىرى شۇنچە كوپلىگىنى كوروپ ھەيران بولغان ھالدا:

— يائاللا، قىزىم، كىيىملىرىڭىز ئومرىڭىزگە يەتكۇدەك ئىكەن جۇمۇ! — دىگەندە، قىز كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئاپا، قارىغا سىزنى! كىيىملىرىم بەك ئاز. مەن بۇ ھەپتە سۇس كەرشناۋاي رەڭلىك كىيىمدىن بىرنى، نېپىزرەك كىيىمدىن يەنە بىرنى ئېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېگەن ئىدى.

بۇ گەپ ئۇلار بۇ موماينىڭ ئۆيىگە يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەندە بولغان ئىدى.

ئۇلار يېڭى توي قىلغاندا كان رايونىدىكى يېڭى يېزىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان ئىدى. كېيىن، ئوغۇل تۇساتتىن يۆتەل بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ كاندىن ئايرىلمىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كاننىڭ مۇئاشى ئۈستۈن ئىدى. ئېيىغا ئۈچ-تۆت مىڭ فورنت* مۇئاش ئالاتتى. ئۇ ھەتتا ئاغرىپ قېلىپ بىرەر كۈنمۇ روخسەت سورىمايتتى. يىگىت بارغانسېرى ياداپ، چىرايى سارغىيىپ، ئاخىر، ئۇ نائىلاج دوختۇرغا كۆرۈندى. كىشىلەر بالىنىڭ ئۆپكىسىدە چاڭ-توزاڭ يىغىلىپ قاپتۇ، دېيىشتى. بۇنداق گەپنى موماي ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. "مەن ياش ۋاقتىمدا، يىغىم مەزگىلدە قانچىلىغان چاڭ-توزاڭ يۇتۇۋەتكەن، ئۆپكەمدە ھېچنىمە قالمىغانمۇ؟" دەيتتى موماي ئىچىدە.

بۇنىڭغا قارىغاندا كاندا باشقىچە زىيانلىق چاڭ-توزاڭ بار ئىكەن-دە؟!

ئۇزۇنغا بارماي، بالا ئەمگەكتىن قالدى، مەجرۇھلار قاتارىدا ئېيىغا بىرمىڭ يەتتە يۈز فورنت نەپىقە ئالىدىغان بولدى. ئۇ بۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن كانغا چىقىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ياش ئەر-خوتۇن موماينىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ ھويلىنىڭ ئالدى-كەينىدە 2 فورىت** كېلىدىغان ئۈزۈملۈك يېرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كوپىراتىپ ئېلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن ھاجەتسىز دېيىلىپ ئالمىغان ئىدى، مانا

---

* فورنت، ۋېنگرىيە پۇلى، 11.7 فورنت 1 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ.

** 1 فورىت 8.55 موغا تەڭ كېلىدۇ.

ئەمدى خويمۇ ئەپ كەلدى، ئۇزۇملۇكنى ئۇلارغا قالدۇرۇق باغ ھساۋىدا بېرىۋەتتى...

موماينىڭ سېغىپ ئىچىدىغان بىر سىيىرى، ئوغلىنىڭمۇ بىر سىيىرى بار ئىدى. ھەر ئىككىسىنى ئانا ساغاتتى. كېيىن ئىسسىق خام سۈتنىڭ پۇرىقىدىن كوڭلۇم ئاينىيدۇ، دەپ كالىنىڭ يېنىغىمۇ كەلمەيتتى. ئوغۇل بۇ كالىنى سېتىۋېتەيلى دىگەن ئىدى، لېكىن ئانا ساتمايلى، دەپ يېلىنىپ، ئۇزى سېغىشقا رازى بولغان ئىدى.

موماي ھەممە ئىشنى تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلايتتى. 11 - ئايدا، ئۇ 100 فورىنتقا بىر ئورۇق غاز سېتىۋالدى. ئۇ بۇ غازنى سەمرىتىپ، روژدېستوۋ بايرىمىدا سېتىپ، بايراملىق خىراجەت قىلىشنى پىلانلىدى، چۈنكى بۇ غاز ئاز دىگەندە 200 فورىنتقا يارايتتى.

ئۇ، يالغۇز غازنى بېقىۋېتىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئوتۇپ، "جاپا تارتقاندىن كېيىن يەنە بىرنى جۈپلەپ باقسام بولغىدەك" دەپ ئويلىدى - دە، بالىلىرىغا:

— سىلەرمۇ غازدىن بىرنى ئېلىڭلار، ئۇزەمنىڭ غېزى بىلەن بىرگە بېقىپ سەمرىتەي، روژدېستوۋ بايرىمىنى ئوبدان ئوتكۇزەر - سىلەر، - دەپ مەسلىھەت سالدى. لېكىن كېلىنى:

— بىز نىمە ئۇچۇن مۇنداق ھايانكەشلىك قىلىمىز؟ - دىدى - دە، بۇ گەپكە قۇلاق سالمىدى. بىراق ئاردىن بەش كۈن ئوتۇپ، ئوغلى بىر غاز سېتىپ ئەكەلدى. بۇنىڭ بىلەن موماي ئىككى غاز بېقىشقا كىرىشتى. بۇ ئىككى غازمۇ يېيىشلىك چىقتى، موماي خۇددى ئۇدەككە يەم بەرگەندەك، بۇ غازلارنى تازا تويغۇزاتتى. غازلارمۇ بۇنداق بېقىشقا كونىدى، غازلارنىڭ ماموق - پەيلىرى بار غانىسىرى پاقىراپ ئۇزى سەمرىشكە باشلىدى.

12 - ئايغا كەلگەندە ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. موماي

هەر كۈنى سەھەردە ۋە كەچتە غازلارغا سۇدا كۆپتۈرۈلگەن قوناق بېرەتتى. لېكىن قوناق كۆپتۈرۈلگەن سۇ هەر كۈنى دىگۈدەك توڭلاپ كېتەتتى، گەرچە ئۇ قوناقنى ئىسسىق سۇغا كۆپ تۈرگەن بولسىمۇ، هاۋا سوغاق بولغانلىقى ئۈچۈن بەك تېز مۇزلاپ كېتەتتى.

موماي ياداپ قۇرۇق سوڭەككە ئايلىناي دەپ قالغان قوللىرى بىلەن غازلارنى تەسلىكتە كاتەكتىن چىقىراتتى ۋە تولدۇرۇلغان كۆپتۈرۈلگەن قوناق تەڭلە ئالدىدا زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپ قوناقنى ئۇچۇملاپ-ئۇچۇملاپ غازنىڭ ئاغزىغا كەپلەيتتى، غازنىڭ پوكىنى بىردەمدىلا بىر ھەسسە يوغىناپ كەتكەندەك بولاتتى.

موماينىڭ هەر ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى غاز چوقۇپ يارا قىلىۋەتتى... بىچارە موماي بۇ ئىككى غازنى دەپ تازىمۇ جاپا تارتتى. لېكىن غازنىڭ ماموق-پەيلىرى پاقىراپ، سەمرىپ، ئۇ قۇچاغلاپ كوتىرەلمەيدىغان ھالەتكە يەتتى.

موماي پات-پات "كوچۇمدىن قاپتىمەن، بۇ ئىش ماڭا ئەمدى لايىق ئەمەس ئىكەن" دەپ ئويلىناتتى ۋە غاز باققىنىغا پۇشايمانمۇ قىلدى. لېكىن بۇ ئىككى غازنىڭ سەمرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولاتتى. چۈنكى 200 فورىنت كىرىم كىرىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالغان ئىدى.

موماي بۇندىن باشقا يەنە 200 فورىنت كىرىم قىلاتتى. ئەگەر لىللا گەپ قىلىنىدىغان بولسا، بۇ پۇلمۇ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. چۈنكى كېلىنى غازغا قىلچە ئەجىر سىڭدۈرگىنى يوق، بۇ پۇلنى موماي ئۇلار ئۈچۈن تېپىۋاتاتتى.

روژدېستوۋ بايرىمى كېلەي دەپ قالدى. موماي بۇ ئىككى غازنى سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاپا، بىز سىزگە شۇنچە گەپ قىلدۇق، بىزگە غاز بېقىشنىڭ قىلچە هاجىتى يوق ئىدى، — دىدى كېلىنى، — بولار ئىش

بولدى، بوپتۇ، جاپا چېكىدىغان بولدىڭىز، سېتىپ كېلىڭ. كىشى ئالدىراشچىلىقتىن پۇت-قولى يېتىشمەيۋاتقان بايرامغا توغرا كېلىپ قالدى...

موماي بىر ئېغىزمۇ سوز ياندۇرمىدى. ئۇ، بايرام ئالدىدىكى ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، چوڭ سېۋەتتىن ئىككىنى تەييارلىدى. غاز چىچىپ سېۋەتنى بۇلغاپ قويمىسۇن دەپ سېۋەتنىڭ ئاستىغا ئوت-خەشەك سالدى.

ئۇ غازلارنى سېۋەتكە سېلىشتىن بۇرۇن، كېلىننى ئالدىغا چاقىرىپ غازلارنى جىڭلاپ باقتى، ھەر ئىككى غاز 6 يېرىم كىلودىن كەلدى.

— ياخشى! ياخشى! — دەپ خوشال بولدى موماي. چۈنكى ئۇ بۇ ئىككى غازنىڭ قايسىسىنىڭ، ئۇزىنىڭ قايسىسىنىڭ كېلىنىنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ھەر ئىككى غازنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش كەلدى، بۇنداق بولغاندا ھىساۋاتمۇ ئېنىق بولاتتى. كېلىنمۇ ئۇز كوزى بىلەن كوردى.

— بولدى، مەن كەتتىم، — دېدى، موماي ئاشخانىدا تۇرغان كېلىن ۋە ئوغلىغا.

— كېتىۋېرىڭ ئاپا، كېتىۋېرىڭ، — دەپ جاۋاپ بەردى كېلىن.

ئانا بېشىغا بىر قارا ياغلىق ئارتتى. ئوڭ بىلىكىگە بىر سېۋەتنى، سول بىلىكىگە يەنە بىر سېۋەتنى ئۆتكۈزۈپ يولغا چىقتى. ئۇ، سېۋەتلەرگە سېلىنغان ئىككى غازنى تاغدا تۇرۇشلۇق كوپىراتىپنىڭ سېتىۋېلىش پونكىتى پىركازچىكىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى.

ئۇ ئۇستىگە پاختىلىق چوڭ چاپىنىنى كىيىۋالسا بولاتتى، لېكىن ئېغىرلىشىپ يول يۈرۈش تەس بولىدۇ، دەپ ئويلاپ يەڭگىللا يولغا چىقتى. يول ماڭغاندا پۇت-قولى توڭلىمىدى، ئەمما بېشىدىن سوغاق ئۆتۈپ ياغلىقىنى چىڭ چىگىۋالدى.

تاغ يولى تېيىلغاق ئىدى.

بۇرۇن كىشىلەر: مەھەللىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق ئەمەس، مەھەللە تاغ ئۈستىدە، باغ - ۋارانلار جىلغىدا، تاقىقا چىقىش نىمە دېگەن جاپا! دېيىشكەن ئىدى. ئانا تاقىقا چىقىۋېتىپ، مۇشۇ گەپلەرنى ئەسلەپ ئويلاندى: ئەگەر مەھەللە جىلغا ئىچىدە بولغاندا يول قانچە ئېگىز بولسىمۇ مەيلى ئىدى. مەھەللە تاغ ئۈستىدە. ئەمدى بۇ تاقىقا ياماشماي نىمە چارە!...

مۇنداقچە ئېيتقاندا يول ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ئىدى، بېرىپ-كېلىش ئارىلىغى 3 كىلومېتىردىن ئاشمايتتى. لېكىن ئېگىزگە يامىشىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، 6 كىلومېتىر يول باسقان بىلەن بارا-ۋەر ئىدى. "ئىككى غاز مۇنچىۋالا ئېغىر بولىدىغانلىغىنى كىم بىلسۇن!..." دەپ ئوزىچە كوتۇلدايتتى ئۇ، ئىككى سىۋەت ئۇنىڭ ئورۇق بىلىگىنى تالدۇرۇۋەتكەن ئىدي، كوك تومۇرلىرى ئوقچۇپ تۇرغان بىلەكلىرى ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

موماي ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھېرىپ، ھا-سىراپ تۇزۇكمۇ تىنالماي قالدى. دىمى سىقىلغاندەك بولۇپ، بېشىدىكى ياغلىقنى سەل بوشاتتى.

"ئاران ئىككى 6 يېرىم كىلو!" - دىدى موماي سىۋەتنى قار-نىڭ ئۈستىگە قويۇپ. ئۇ، شۇ يەردىلا ئازراق دەم ئېلىۋالماقچى بولدى. بۇ ئىككى غاز كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ قارغا قارايتتى، قارغا چۈشكەن كۈن نۇرى زەررە چېچىپ غازلارنىڭ كوزىنى چاقنىتاتتى. ئۇلار ئادەتلەنمىگەندەك قىلىپ، بوينىنى ئۇياق - بۇياققا سوزاتتى.

موماي سىۋەتنى يەرگە قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى، سىۋەتنى قايتا كوتىرىش ئېغىر كەلدى. ئۇ سىۋەتنىڭ بېغىنى بىلىگىنىڭ باشقا يېرىگە يوتكەپ كوتىرىپ باققان بولسىمۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپلا قاملىشالمىدى. موماي سىۋەتنىڭ بېغىنى ئاۋالقىدەك جەينەككە قويدى، بۇ قېتىم جەينەك ئانچە قاتتىق ئاغرىمىدى، چۈنكى جەينەك

ئاللىقاچان قېتىپ ئۈيۈشۈپ كەتكەن ئىدى. سېۋەت بېخى خۇددى
سوڭەك ئۈستىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى، ئۇنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن
تېرە - گۆشلىرى ئېزىلىپ، گويا گۆش بىلەن تومۇر بىر بىرىگە
چاپلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

موماينىڭ سېۋەتنى يەرگە قويغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئامال
بولمىدى. ئۇ يېڭىنى تۇرۇپ، بىلىگىگە ئانچە - مۇنچە تۈكۈرۈك
چاچرىتىپ سېۋەت بېسىۋەتكەن يەرنى ئۇۋىلىدى. ئۇ بىر ئاز ئۇۋىلى-
غاندىن كېيىن خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ پۈتۈن
بىلىگى ئوتتا كويگەندەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن بۇ قىزىل-
لىقنىڭ ئەتىسىلا ئىزسىمۇ قالماي يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى موماي بىلەتتى.

موماي مۇنچە تېز كۈچتىن قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ ياش
ۋاقتىدا ساغلام، تىمەن، ئىشچان ئىدى. بۇنى سوزلىمەيلا قويايلى.
ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ يولدا ماڭغاندا، پۈتۈن بەدىنى كۈچكە تولغاندەك
بىر ھىسسىياتقا كېلەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈچى نەگە كەتتىكىنا؟ ئۇ
ئەمدى ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى.

موماي يەنە ئالغا قاراپ يۈرمەكتە ئىدى، ماڭغانسېرى تەرلەپ
ھول بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كېتىۋا-
تاتتى!...

ئۇ كوپېراتىپنىڭ سېتىۋېلىش پونكىتىنى كورۇشى بىلەنلا قە-
دىمىنى سانىغىلى تۇردى. ئۇ ھەربىر قەدەمنى ئازماي سانايتتى،
ھەتتا سېۋەتنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. پەقەت بىرقانچە قە-
دەم يول قالغاندىلا بېشى قېيىپ ساناقتىن ئېزىپ كەتتى، ئۇ بۇ
چاغدا ھېچنەرسىنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، قانچە قەدەم باسقانلى-
قىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ پونكىت ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىكتە
يوغان قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرغانلىقىنى كورۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا خو-
شال بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئازراق دېمىنى

ئېلىشۋالالايتتى. مۇبادا ئۇ كەلگەن پېتى پونكىت ئىچىگە كىرىدىغان بولسا ھېرىپ - چارچىغىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالىغان بولاتتى...

موماي بىر پەس دەم ئېلىشۋېلىپ ئەتراپقا قارىدى، پىركازچىك كورۇنمەيتتى. ئۇ تاقەت قىلىپ كۈتتى. كېيىن، پونكىت ئەتراپىغا ئۇياق - بۇياقتىن ئادەملەر يىغىلدى. كىشىلەر مومايغا: بۇ يەردە كۈتۈپ ئاۋارە بولماسلىقنى، پىركازچىكنى پەقەتلا كىچىك قاۋاقخانا نىدىن تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سىۋەتلىرىنى تام تۈۋىگە قويۇپ، قاۋاقخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇ ئىزلەيدىغان ئادەم قاۋاقخانىنىڭ پوكىيى يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ خوشياقمىغاندەك مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋاي - ۋۇي، مارتا ھەدە، سىزنىڭ ئاۋارە بولۇپ كەلگەنىڭىز نىمىسى؟ نىمىگە تېنەيتتىڭىز؟ ئويلاپ كورۇڭا، سىز يەنە قانچە يىل ئومۇر كورەرسىز؟ قېرىغاندا تالا - تۈزگە ئاز قېتىراڭ. بۇنچە تېنىمەڭ، — دىدى.

ئۇلار سېتىۋېلىش پونكىتىغا كىردى.

— ھازىر ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ ئەگەر چۈشتە ماشىنا كەلمىسە، مېنى بۇ غازلارنى يەۋېتىشكە مەجبۇرلامسىز؟ ئەگەر ئۇلارنى بۇ يەرگە سولاپ قويۇپ كېتىدىغان بولسام ئىككى كۈندە ئورۇقلاپ تۈگەشمەمدۇ؟ — دەپ سوزلەپ كەتتى پىركازچىك.

موماي زۇۋان سۈرمىدى.

— بۇمۇ 5 يېرىم، ئۇمۇ 5 يېرىم كىلو كەلدى، — دىدى پىركازچىك جىنىنى قېتىپ تۇرۇپ.

— 5 يېرىم كىلو؟ 5 يېرىم كىلو دەمسەن؟ — دىدى موماي غودۇڭشۇپ، — مەن ئولچەملىك جىڭدا ئولچىگەن. ساق 6 يېرىم كىلودىن ئىدىغۇ، تېخى 100 گىرام ئارتۇقمۇ ئىدى، — دىدى. پىركازچىك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يولدا كەلگىچە بىرمۇنچە چىشقاندۇ، بۇ ئولچەملىك جىڭ،

سىزنىڭ دات باسقان جىگدىزغا ئوخشمايدۇ! سىز توغرا تارتمىغانـ
سىز بەلكىم؟
موماي قايتا ھىساپلاپ كوردى. ئىككى كىلو 50 فورنت بوـ
لىدۇ. لېكىن گەپ يەنىلا بۇ ئازغىنا پۇلدا ئەمەس! غاز كېلىنىنىڭ
ئالدىدا تارتقاندا 6 يېرىم كىلو كەلگەن. ئەگەر پۇل كەم چىقسا،
ئۇ ئاپام پۇلنى ئوزى ئېلىۋاپتۇ دەيدۇ ـ دە!
پىركازچىك سەرەڭگە يېقىپ، ئوت يورۇغىدا جىگنىڭ كەلگەن
يېرىنى يەنە بىر قېتىم كورسەتتى؛ موماي سىنچىلاپ قارىۋىدى، راسـ
تىنلا 5 يېرىم كىلو چىقتى.
موماي ياغلىقنى بېشىغا قايتا ئوراپ، سىۋەتنى كوتىرىپ كەلـ
گەن يول بىلەن ئارقىسىغا قايتتى.
ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەيتتى: كۇزدە، ئۇزۇم ساتقان
پۇلدىن 200 فورنت ئايرىپ ئېلىپ ئوزى ساقلىغان ئىدى. كېـ
لىنى شۇ چاغدىلا: ”ئۇ بۇ پۇلنى نىمە قىلىدۇ؟ ئەجىبا، ئۇ پۇل يىغىپ
ئوزىگە كېپەنلىك ئالامدۇ ـ يا؟“ دىگەندە ئوغلى ئۇنىڭ ئاغزىنى
تۇۋاقلاپ: ”ئۇ خالىغان بولسا، پۇلنى ئوزى ساقلىمامدۇ؟“ دىگەن
ئىدى. لېكىن ئەتىسىلا موماي 200 فورنتنى كېلىنىگە بەرگەن
ئىدى. بۇنى ئوغلى بىلمەيتتى.
موماي سىۋەتنى يەرگە قويۇپ دەم ئالغان چاغدا، ئىككى قوـ
لىنىڭ قاتتىق تىترەۋاتقانلىغىنى سەزدى. ئۇ يولنى مۇنداق ھىساپـ
لاپ باقتى: بىر ئىستولبىدىن يەنە بىر ئىستولبا ئارىلىغىدا 3 قېتىم
سىۋەتنى قويسا، ئويىگە قايتىپ كېتەلەيتتى. ئۇ ئەمدى سىۋەتنى
جەينىگىگە ئالماي، ئىككى سېپىدىن تۇتۇپ ساڭگىلىتىپ ماڭدى،
قەدىمىنى تېزلەتتى. سىۋەتمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ
ئانچە ئۇزۇنغا بارماي نىمشقىدۇ قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى يۇمالماي
قالدى. قانچە كۇچەپ باقسىمۇ سىۋەت قولىدا تۇرمىدى. شۇڭا
ئۇ، يول ئۇستىدىلا توختاپ دەم ئالدى. ئۇ كوڭلىدە: ئادەمنىڭ

كۈچى بەدەندىن قاچسا يەنە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، كۈتۈپ تۇراي، دەپ ئويلايتتى.

يولدىن «جىپ» ماركىلىق بىر تىراكتور كېلىپ قالدى. شوپۇر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تىراكتورنى توختاتتى. ئۇ كوپېرا- تىپنىڭ ئىش باشقۇرۇش كومىتېتىغا كېتىپ باراتتى.

— سىز سۋەتنى تىراكتور ئۈستىگە تاشلاڭ، مەن ئۇنى ئىش باشقۇرۇش كومىتېتىغا يەتكۈزۈپ قوياي، ئۆيىڭىز ئۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس. سۋەتلەرنى ئىشخانىدىن تېپىۋالالايسىز، — دېدى. تىراكتور شوپۇرى، — تېزرەك ماڭسارسىز - هە!

موماي بولۇپ ئوتكەن ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئۇنتۇدى، سىۋەت كوتەرمىسە يول يۇرۇشمۇ ئاسان بولاتتى. لېكىن تۇساتتىن ئىككى غازنىڭ ئىش باشقۇرۇش كومىتېتىغا بارغىچە دىمىقىپ قا- لىدىغانلىقىنى ئويلاپ موماي بىئارام بولدى. چۈنكى شوپۇر ئىككى غازنى ئېغىر بىرزىنىت بىلەن چوڭگەپ قويغان ئىدى. موماي شوپۇر- غا بىرزىنتنى ئېلىۋەتكىن دېگۈسى كەلدى. لېكىن هارغىنىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ بارلىق ئوي - خىيالى ئىش باشقۇرۇش كومىتېتىغا تېزراق يېتىۋېلىش ئىدى! غاز تۇنجۇقۇپ قالغاندىمۇ پىچاق سۇرۇپ- تىشكە ئۇلگۇرەتتى...

موماي غازنىلا ئويلايتتى، غازنىڭ ئولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى، تېزراق تاغدىن چۈشۈشكە ئالدىرايتتى.

ئۇ ئىشخانىنىڭ تېمىغا يولىنىپ تۇرۇپ، ساق - سالامەت كەل- گەن غازلارغا كوز ئۇزمەي قارايتتى ۋە:

— خۇداغا شۈكرى! — دەپ يېنىك بىر تىن ئالدى. كوپېرات- پىنىڭ ئىشخانىسى بىر كونا، چوڭ قوراغا جايلاشقان بولۇپ، ئىش باشقۇرۇش كومىتېتىمۇ شۇ يەردە ئىدى. موماي ئېڭىشىپ سىۋەتنى كوتەردى.

— سىز غازنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كىشى. موماي سىۋەتنى قايتا يەرگە قويۇپ، ئۇ كىشىگە پىركاز - چىك بىلەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. سۆزىگە "غازنى قايتۇرۇپ كېتىشكە رازىمەنكى، باھاسىنى چۈشۈرمەيمەن" -دەپ قوشۇپ قويدى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟— دىدى بوغالتىر، — ئۇيات! بىر ياشانغان ئايالغا قانداقمۇ قايتۇرۇپ كەت دىگىلى بولسۇن؟!

ئۇلار غازنى قايتا ئۆلچىدى. دىگەنىدەك ھەربىرى 6 يېرىم كىلودىن ئارتۇغراق كەلدى.

— سىز بۇ غازلارنى قايتا تاققا ئېلىپ بارماڭ، — دىدى مۇدىر، — بىز ئېلىپ قېلىپ پۇلنى بېرەيلى. پىركازچىككە تېلېفۇن بەرسەك ئۇ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ نىمە قىلىپ يۈرگەن - ھە! بۇ ئىشنى شۇنداقلا ئوتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئوبدان ئەدىۋىنى بېرىپ قويۇش كېرەك!

موماي پۇلنى ئالغىچە چىڭ چۈش بولدى. ئۇنىڭ ئوتۇنۇشى بىلەن پۇلغا باشقىلار قول قويۇپ بەردى. لېكىن ئارقىدىنلا ئۇ مۇنداق قىلغىنىدىن باشقىلار ساۋاتسىز ئىكەن دەپ قالدىمىكىن، دەپ ئۇياتقاندەك بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى قول قويۇشنى خالىمىغان، قولىنىڭ تىترەيدىغانلىغىنى باشقىلارنىڭ كورۇپ قېلىشىدىنلا قەلەم تۇتمىغان ئىدى.

ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئىنتايىن خوشال ھىس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا قايتا جان كىرگەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ئوغلى، كېلىنى بىلەن بىللە كەچتە ئوتكۈزىدىغان بايرام مەنزىرىسىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئاجايىپ خىياللارغا چوكتى: مانا، ئۇ ئۆزىنىڭ تاپقان پۇلىنى ئىككىيلەنگە بېرىدۇ، ئۇلار ئۈچىيلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ بايرام كېچىسىنى خوشال - خورام ئوتكۈزۈۋاتقان چاغدا موماي ھەر ئىككىسىگە بەنە 100 فورىنتتىن پۇل بېرىدۇ. بۇ پۇلنى تېپىشنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىگىنى بىر -بىرلەپ ھىكايە قىلىپ بېرىدۇ. بىراق

مومايىنىڭ بۇ سوغىسىنى كېلىنى مەنزۇر كۆرمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

ئاھ خۇدا! ئۇ، كېلىنىنى ياخشى كۆرمەي نىمە ئامال؟!

ئۇ بەربىر ئۆز ئوغلىنىڭ خوتۇنىغۇ!... ئەگەر كېلىنى بۇ تۇل ئانىنىڭ بۇرۇنراق ئۆلۈشىنى تەلەپ قىلغان بولسا يامان بولاتتى. لېكىن بۇ ياش كېلىن ئۇنچىۋالا قارا كۆڭۈل ئەمەس. پەقەتكىنە سەل بوينى قاتتىقراق، خالاس.

ياش كېلىنلەرنىڭ قېرىلارنى شىلىپ يەپ، قۇرۇغداپ قويىدىغان ئىشلار بۇرۇن كۆپ بولغان. موماي يېقىندىن بۇيان كونىلارنىڭ "تىرىك تۇرساڭ بىرىمەن، ئۆلگەندە ۋەسسالام!" دىگەن گېپىنى ئېسىدە تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. كېلىنىنىڭمۇ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدى: موماي بىرەر نەرسە بەرسە ئۇ چاغدا تولىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن موماي دائىم بىر نەرسە بېرەلمەيتتى. ئۇ بۇ قېتىم تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىنى بېرىپ بايرامنى تازا پەيزى قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى بولدى. مانا ئۇ بايرام كۈندىكى ئاشۇ ئازغىنا بەختىنى دەپ شۇنچە كۆپ جاپا چېكىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

موماي ئالدىراپ- تېنەپ تاغدىن چۈشتى. ئۇ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، پىركازچىك بىلەن بولغان ئىشنى، ئاۋال زىيانغا ئۇچراپ، كېيىن قانداق قىلىپ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشنى كۆڭلىگە تىزىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆيىگە تېزراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى، "ئۆيگە بارغاندا، بىراقلا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇۋالماي، ھويلىدا ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆيگە كىرەي، ئۇلار مېنى ھېرىپ كېتىپتۇ دەپ قالمىسۇن" دىگەنلەرنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى.

تېنى ئاجىز، ئىشتىن قالغان قېرىلار ياشلار ئۈچۈن ئۇششۇقچە يۈك بولۇپ قالىدۇ. موماي ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ، پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قېلىشنى زادى خالىمايتتى.

موماي ئاخىرى ئۆيىگە يەتتى.

ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. موماي بالىلارنى گەمە ئۆيدە بولسا

كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. خوشنا ئايال چىقىپ بالىلار ئاچقۇچنى بېرىپ قوي دېگەن، دەپ مومايغا ئاچقۇچنى بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

— بىرقانچە ئادەم كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇ يەردىكى تونۇشىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەلگەن ئىكەن، كېلىنىڭىز شوپۇردىن شەھەردىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى، شوپۇر ماقۇل بولدى، ئوغلىڭىزمۇ بىللە كەتتى. بايرام تۈگەپ ئاپتوۋۇز قاتنىغاندىن كېيىن قايتىدىغان بولدى، — دەپ ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

موماي ئۆزى يالغۇز قالدى؛ ئۇ غاز كاتىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قۇپ-قۇرۇق كاتەككە قاراپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن غېرىب-مىسكىنلىك ھېس قىلدى ۋە ئۇزۇنغىچە كاتەكنىڭ ئىشىكىنى قويۇپ بەرمىدى، قويۇپ بەرسىلا يىقىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چانىقىدىن ئەگكەن ئىسسىق ياش جۇدەك يۈزىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى.

(ئاپتور ھەققىدە) ئانتال ۋېلك (1933 — ) ۋېنگرىيىنىڭ سەنۋېن يازغۇچىسى ۋە سىياسى ئوبزورچىسى. ئۇ دېبورست شەھەرلىك دىنى ئىسلاھات ئىنستىتوتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق، ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «بىمەھەل چىققان ھەسەن-ھۈسەن» ناملىق تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى 1963-يىل نەشر قىلىنغان، يەنە شۇ يىلى «كۆك كۆزنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق رومانى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇندىن كېيىنكى ئەسەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنماقتا. «بەختلىك بىر كۈن» ناملىق بۇ ھېكايە سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1975-يىل نەشر قىلىنغان «ۋېنگرىيە ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

مەھەممەت زۇنۇن تەرجىمىسى

(«چەتئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىل 11-سانىدىن)

# خوشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايدىغان جاناپ

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

نەشرىياتىمىزدا توققۇز نەپەر خىزمەتداش بار ئىدى. بىر كۈنى، بىر ئەپەندى ئىشخانىمىزغا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، ئەمما ئۇ ئەپەندى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، خىزمەتداشلىرىم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام قىلىشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ مەنمۇ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. دەسلەپتە مەن كەلگۈچىنىڭ نام شەرىپىنى بىلمىگەچكە، سالام بەرمىگىلى تاس قاپتىمەن، بىر خىزمەتدىشىم مېنى نوقۇپ ئاستا پىچىرلاپ:

— ھەي! ...... كازىم ئەپەندى كەپتۇ، — دېدى.

بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم. ئەسلىدە بۇ كىشى بىزنىڭ خوجايىنىمىز — مال دۇنياسى كۆپ، يۈز ئابرويى چوڭ كازىم ئەپەندى ئىكەن. ئەگەر ئورنۇمدىن تۇرمىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالغان بولسا چوڭ چاتاق چىقار ئىدى.

كازىم ئەپەندى ئۈنلۈك قىلىپ:

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى. ھەممىمىز ئورنىمىزغا ئولتۇردۇق، ئەمما سەيف ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدا تۇرىۋەردى.

— ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دېدى كازىم ئەپەندى، — سەن نېمىشقا ئولتۇرمايسەن، باشقىلار ئىشنى باشلىدى، سەن يەنە تۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ مەن خوشامەت قىلغاننى ياقتۇرمايمەن.

سەيف قەددىنى سەل رۇسلىۋالغاچ تۇرۇپ:

— بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنىمەن ئەپەندىم، خوپ بولىدۇ ئول-

تۇراي، ئەپەندىم، جاناپلىرىنىڭ سوزى ناھايىتى يوللۇق، بولدۇ ئولتۇراي ...— دىدى - يۇ، لېكىن ئورنىغا ئولتۇرمىدى.

ئۇ تۇز تۇرغان بولسىمۇ كاشكى، ئەمما ئۇ ئىككى قولىنى كوكرىگىگە قويۇپ ئېگىلىپ تۇراتتى.

دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، سەيف نەشرىياتىمىزنىڭ مەسئۇلى ئىدى. كازىم ئەپەندى يېنى دومبايغان چوڭ باي بولسىمۇ، ئەمما باشلىقلارنىڭ خوشامەت قىلىشىنى ياقتۇرمايدىغاندەك كورۇنەتتى. شۇڭا مەن قولىنى قوشتۇرۇپ باش ئېگىپ تۇرغان سەيفكە ئىشارەت قىلدىم. ئەمما ئۇ بۇنى قىلچە سەزمىدى. ئۇ يەنىلا دۇدۇقلىغان ھالدا:

— شۇنداق ئەپەندىم، كوپچىلىك ئىشنى باشلىدى ......، — دەپ تۇرىۋەردى.

ئۇنىڭ سوزى تۇگىمەستىنلا كازىم ئەپەندى:

— ئولتۇر! - دەپ ۋاقىرىدى.

— خوپ ئەپەندى، بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنىمەن، پېقىرىڭىز ھازىرلا ئولتۇرىدۇ، ئەپەندىم، - دىدى سەيف. ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دەپ تۇرغىنى بىلەن، يەنىلا ئولتۇرماي ئورە تۇرىۋەردى.

نىمە دىگەن بەغەرەزلىك بۇ! بىرى "خوشامەت قىلغاننى ياقتۇرمايمەن" دەۋاتسا، يەنە بىرى توختىماستىن "ئەپەندىم بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنىمەن، بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنىمەن" دەپ كىشىنىڭ غىدىغىنى كەلتۇرىۋاتاتتى.

مۇبادا سەيف مېنىڭ قېشىمدا بولسىدى، مەن ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ:

— ئولتۇر، بەغەرەزلىك قىلما، - دەپ قويغان بولاتتىم.

كازىم ئەپەندى دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ئولتۇر، ئولتۇر، مۇنداق قىلىقتىن بىزارمەن ...... ئولتۇرۇپ ئىشىڭنى قىل، — دىدى.

سەيپ:

— خوپ ئەپەندىم، بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنىمەن ... — دېدى. ئەمما ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئۆزى يەنىلا مىخلاپ قويۇلغاندەك قىمىرلاپمۇ قويمىدى. كازىم ئەپەندى ئەسلىدە چىقىپ كەتمەكچى ياكى بولمىسا ئىش-پىشلارنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولغانىدى، ئەمما سەيپنىڭ يەنىلا قول قوشتۇرۇپ ئېگىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرھازا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ تەلەپپۇزىنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ:

— ئەمدى ئولتۇرغىن، قېرىندىشىم، ئولتارغىن، ئادەمنى بىئارام قىلمىغىن، — دېدى.

— ياق ئەپەندى، بىئارام بولمىسىلا، بۇنىڭ ھېچقانداق بىئارام بولىدىغان يېرى يوق، جانابلىرىنى ھۆرمەتلەش بىزنىڭ بۇرچىمىز، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق دەۋاتامدۇ؟ — دېدى سەيپ چۈشەنگەندۈرگەندەك قىلىپ.

كازىم ئەپەندى سوغاق كۈلۈپ قويدى، ئۆزايىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك ئىدى.

— سىز سەيپ ئەپەندىمۇ، دەيمەن؟

— شۇنداق ئەپەندىم.

— سەيپ ئەپەندى، مەن سىزنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزىڭىزنى ۋە تەكەللۇپلىرىڭىزنى ياقتۇرمايمەن.

كازىمنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا، سەيپ ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى:

— ياق، ئەپەندىم. بۇنى قانداقمۇ تەكەللۇپ دېگىلى بولسۇن... تۈزۈت قىلماڭ.

ئۇ زەمىنى بېسىۋالمىغان بولسام، مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇنى ئىككى كاچات سېلىپ، مورىسىدىن تارتىپ مەجبۇرىي ئولتۇرغۇزۇپ قويغان بولاتتىم. مېنىڭ بۇ يەردە ئىشقا چۈشكىنىمگە تېخى

بىر ئاي بولمىغان ئىدى. يېڭى كەلگەن چېغىمدا، خىزمەتداشلىرىم سەيفىنى خۇشامەتچى دىسە، ئىشەنمىگەن ئىدىم. ئەمما ھازىر......

— ئۇلتۇرغىن، قېرىنداشىم!

— ياق، ياق، ئەپەندىم، سىز بۇ يەردە تۇرسىڭىز، كەمىنىڭىز ئېھتىرام بىلدۈرمەي ئۇلتۇرۇشقا قانداق جۈرئەت قىلسۇن. پېقىرنىڭ ئۆرە تۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەيسىز!......شۇندىلا كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

ئۇ يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى... كازىم ئەپەندى شۇ چاغدىلا، نېرۋىلىرى ئەسەبىلەشكەن سەيفنى ئۇلتۇرغۇزۇش ئەخمىقانە خام-خىيال ئىكەنلىگىگە كۆزى يېتىپ، بۇرۇلۇپ بىر تەرەپكە قاراپ:

— مەن خۇشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايمەن، بىلدىڭلارمۇ، كېيىنكى قېتىم كەلگىنىمدە، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماي ئىشلەۋەرسۇن، دىدى.

كازىم ئەپەندى غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى، سەيفى يەنە قەددىنى رۇسلاپ پىچىرلىغان ھالدا:

— شۇنداق ئەپەندىم، بۇيرۇغىنىڭىزغا بويسۇنىمەن،- دىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، مەن خىزمەتدىشىم كەرىمگە.

— پاھ! پاھ! ھەقىقەتەن دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان گوھەر كەنغۇ،...... بۇنداق خۇشامەتچىنى ئۇچراتمىغان ئىكەنمەن،- دىدىم.

— بۇنداق شەرىقچە خۇشامەتچىلىكنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى،- دىدى كەرىم جاۋاپ بېرىپ.

— شۇنداقمۇ؟ خۇشامەتچىلىكمۇ شەرقچە، غەرىپچە دەپ ئايرىلامدۇ؟ ئۇنداقتا، خۇشامەتچىلىك شەرقتە ئالدىدا پەيدا بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداق دىيىشكىمۇ بولمايدۇ، خۇشامەتچىلىكنىڭ شەرقچە پوسۇنى، غەرىپچە پوسۇنى بار. ئەمما شەرقچىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈشەندىڭمۇ؟ خۇشامەت قىل-

غاننى كىم ياقتۇرمىسۇن. سەن تېخى يېڭى كەلگەچكە، بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئۇقمايسەن. كازىم ئەپەندى گەرچە ئاغزىدا "خوشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايمەن"، "تەخسىچىلىك قىلغاننى يامان كۆرىمەن" دىسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا غەرپچە خوشامەتچىلىك قىلىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ چوقۇم كۆڭۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئادەم بېيىغاندا، قانداقلا بولمىسۇن خوشامەت قىلغاننى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى بىزنىڭ بۇ كازىم ئەپەندىنىڭ 20 - 30 مىليونلۇق مال-دۇنياسى، دېخانچىلىق مەيدانى، ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ ئۆيى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پېكاپلىرى، ئاز ئەمەس خوتۇن - ئاشنىلىرى بولسىمۇ، لېكىن يېنىدا قاملاشتۇرۇپ خوشامەتچىلىك قىلالايدىغان ئادىمى يوق. شۇڭا، ئۇ ھامان مۇرادى - مەقسىدىمگە يەتمىدىم دەپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدا "خوشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايمەن" دىگىنىگە قارىمىغىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆڭلىگە ياققۇدەك خوشامەتچىسى يوقلىغىدىن ئاغرىنىدۇ...... بۇ بىچارىگە مېنىڭ بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئامېرىكىدىكى مىليونېرلارنىڭ يېنىدىكى كاتىپلىرىنىڭ ئاجايىپ رولىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار مەخسۇس خوشامەتچىلىك قىلىدىغانلار. لېكىن ئۇلار غەرپچە خوشامەتچىلىك قىلىدۇ.

— بۇنىڭ سىرىنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدىكەنسەن، — دىدىم مەن.

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — دىدى كەرىم، — مەن ئۇنىڭ سىرىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئېپىنىمۇ بىلىمەن...... كوپ ئۆتمەستىن سېنىڭمۇ كوزۇڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

بۇ قېتىملىق سوھبەتتىن كېيىن كوپ ئۆتمەستىن كەرىمنىڭ سوزى سىناقتىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئايلىق مۇئاشىم 250 لىرا ئىدى. كەرىم مەندىن 3 ئاي ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇئاشى مەندىن بىر تىيىنمۇ ئارتۇق ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ سوھبىتىمىزدىن بىر ھەپتە كېيىن،

ئۇنىڭ مۇئاشى بىراقلا 300 لىراغا كوپەيدى. خىزمەت قىلغىنىغا 2 ـ 3 يىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا 150 لىرا ئالىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن پىچىرلىشىدىغان بولدى. ئۇلار ئوز گەپلىرىنى قىلىشىپلا قالىۋەردى. كەرىمنىڭ مۇئاشى 400 لىراغا يەتتى. ھەتتا باشلىغىمىز سەيفىنىڭمۇ ئۇنىڭكىگە يەتمەيتتى.

كەرىم 500 لىرا مۇئاش ئالىدىغان بولغاندا، نەشرىياتىمىزغا باشلىق بولدى، سەيفى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن بولدى. كەرىم ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى كۈنلا ئىشقا كېلەتتى. ئۇززۇن ئوتمەستىن، ئۇنىڭ ئايلىق مۇئاشى 750 لىراغا ئوستى ھەمدە يېڭى مۇھىم خىزمەتكە تەيىنلەندى.

كەرىمنىڭ مۇئاشى ئوسكەنسېرى بىز بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتىمۇ سۇسلاشتى. نۇرغۇن كونا خىزمەتداشلار ئۇنى ھورمەت بىلەن "كەرىم ئەپەندى" دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ سەيفى، ئوت-كەندە ئوزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بۇ خىزمەتدىشىنى كورگەن ھامان، تازىم قىلىپ، "ئەپەندىم"، "جاناپلىرى" دىگەن سوزنى ئېغىزىدىن چۇشۇرمەيدىغان بولدى.

كېيىن، بىز كەرىمنىڭ كازىم ئەپەندىگە ھەمرا بولۇپ ياۋرو-پاغا ساياھەتكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئايلىق مۇئاشى بىراقلا 2000 لىراغا ئوستى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ بولۇشى مۇمكىن، يېقىندا مەن ئۇنىڭ مۇئاشىنى 5000 لىرا ئىكەن دەپمۇ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ زادى نىمىلەرنى قى-لىۋاتقانلىقىنى ھېچكىممۇ ئېنىق بىلمەيتتى...... بەزىلەر ئۇنى كا-زىمنىڭ كاتىۋى، ياردەمچىسى، ۋاكالەتچىسى ئىكەن دىيىشەتتى. قان-داقلا بولمىسۇن كازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كەرىم بىرتەرەپ قىلاتتى. كېيىن ئەھۋال ئوزگىرىپ، كەرىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ ئىشىنى كازىم ئىشلەيدىغان بوپقالدى.

كەرىم دىگەن بۇ كىشى ئىشچانمۇ ئەمەس، زېرەكمۇ ئەمەس، قوسىغىدا تۈزۈك بىلىمى يوق بىر نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ زادى قانچىلىك قابىلىيىتى بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتى، ئەمما مەن، ئۇ-نىڭ غەرىپ-چە خوشامەتچىلىككە تايىنىپ، تەكشى قەدەم بىلەن يۇ-قىرىغا كوتىرىلىپ كېتەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. بۇنداق غەرىپ-چە خو-شامەتچىلىك زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى دەرۋەقە بىلمەيتتىم، ئەمما كېيىن مەنمۇ ئۇنى ئاز-تولا بىلىپ قالدىم.

كازىم ئەپەندىنىڭ 5-6 كارخانىسى بار ئىدى. ئەمما نەش-رىيات ئۇنىڭ بەخت قۇشى، روناق تېپىشىنى باشلىغان يېرى ئىدى، نەشرىياتتىكى خىزمەتداشلىرىم نەشرىياتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىگەن چاغدىلا ئاندىن بۇ ئىشنى بىلىشتى. بىز ھەممىمىز بىر ئايلىق ئىش ھەققىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئالدۇق. كەچ-تە بولسا چوڭ بىر مېھمانخانىنىڭ رېستورانىدا زىياپەت ئوتكۈز-دۇق. بۇنىڭغا نەچچە ئونلىغان كىشىلەر قەدەم تەشرىپ قىلدى.

شۇ قېتىملىق داغدۇغىلىق زىياپەتتە، مەن كەرىمنى بۇنچى-ۋالا تېز ئوستۇرۇۋەتكەن غەرىپ-چە خوشامەتچىلىكنىڭ سىرىنى بە-لىۋالدىم. كەرىم بىلەن كازىم بىر ئۇستەلدە يانمۇ-يان ئولتۇردى. مەن كەرىمنىڭ سول تەرىپىدە، 3 ئادەم نېرىدا ئولتۇردۇم. ھەيران بولغانلىقىمدىن كەرىمنىڭ بۇيۇك نەزىرىيىسىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى تەپسىلى كۆزەتتىم. كازىم رومكىنى ئېلىپ قەدەھ كوتەرمەكچى بولغاندا، كەرىم ئۇنىڭ قولىنى تۇ-تۇۋېلىپ:

— ئىچمىسىڭىز بولمامدۇ؟ ھاراقنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە زىيىنى بارلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك، — دىدى.

كازىم ئەپەندى:

— ھېچقىسى يوق، مۇشۇ رومكىنىلا ئىچەي……، — دىدى.

كەرىم تەرىنى تۇرۇپ:

— بولمايدۇ دېدىمغۇ، بولمايدۇ، ئەگەر جەزمەن ئىچمەن دېسىڭىز ئىچۋېرىڭ، ئەمما بۇندىن كېيىن ھەرگىز سىز بىلەن كارىم بولمايدۇ. شۇنى بىلىڭكى ھاراق سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگە زىيانلىق، — دېدى.

كازىم ئەپەندى ئىتائەتمەنلىك بىلەن رومكىنى قويدى.

— كۆن ئىسمەدىگەن ئىسسىق، ئاۋۇ دەرىزىنى ئېچىۋېتىڭلارچۇ!

ئۇنىڭ بۇ سوزى بىلەنلا، شەرقىچە خوشامەتچى سەيف ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— بۇيرۇغىڭىزنى بىجا قىلىمەن، ئەپەندىم، — دېدى.

ئۇ كېيىنى تۇگەتمەستىنلا كۆتكۈچىنىڭ ئالدىدا بېرىپ، دەرىزىنى ئېچىشقا تەمشەلدى.

مەن تۇيۇقسىزدىن كەرىمنىڭ:

— تەگمە، دەرىزىنى ئاچما! - دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى ئاڭلىدىم.

ئاندىن ئۇ كازىم ئەپەندىگە:

— ئاپلا، سىز نىمە بولدىڭىز؟ سىز كىچىك بالىغا ئوخشاپ قاپسىز......، سىز تەرلىگەن تۇرسىڭىز، قەدىرلىگىم، ھازىر دەرىزىنى ئاچسا قانداق بولىدۇ؟ - دېدي.

كازىم ئەپەندى ئۇنىڭغا:

— مەن پەقەت تەرلىمىدىم، - دېدى.

— سىز تەرلىمىدىم دەپ ھودده قىلالامسىز؟ سىزنىڭ تەرلىگەن، تەرلىمىگەنلىگىڭىزنى مەن ناھايىتى بىلىمەن، قەدىرلىگىم.

كازىم ئەپەندى ئىستاكانغا ئازراق سۇ قۇيدى، كەرىم ۋاقىراپ دىگۇدەك:

— ۋاي خۇدا! نىمە قىلىۋاتقىنىڭىز بۇ؟ ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالدىڭىزمۇ؟ - دېدى.

— ئېزىپ قالمىدىم، - دېدى كازىم ئەپەندى، — ئازراق سۇ ئىچەي دەيمەن......

كەرىم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:
— ۋاي خۇدا، ۋاي خۇدا!...... نېمىشقا ئۇزىڭىز قويىسىز؟ مەن سادىقلىق بىلەن سىز ئۇچۇن ئىشلەشكە دائىم تەييارغۇ؟ ئەگەر ئۇسسىغان بولسىڭىز، نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟ ھەي كۇتكۇچى بىر بوتۇلكا كۇۋاس ئەكېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

قىسقىسى، كازىم ئەپەندى نېمە قىلماقچى بولسا، كەرىم ئۇنى توساتتى. كازىم ئەپەندى خۇددى قوزىغا ئوخشاش كەرىم نېمە دېسە، ھامان باش ئىگىپ، خوش-خوش دەپ تۇراتتى. بەزىدە ھەتتا ئەركە باللاردەك ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— بىر رومكا ئىچەي، بىر رومكىلا ئىچەي، بولامدۇ؟ ......— دەپ كېتەتتى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ دېدىمغۇ بولمايدۇ، قەدىرلىكىم، سىز-زە سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرىمايسىز.

كەرىم ئۆزىنىڭ بىردەم-بىردەم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ ھەركەتلىرىدىن قىلچە خىجالەت بولمايتتى. بايا ئۇ دەرىزىنى ئاچقۇزمىغان ئىدى. ئەمدى باشقىلارنىڭ چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كورۇپلا، كازىم ئەپەندىگە:

— ئىسسىپ كەتتىڭىزمۇ؟ چىدىيالمايۋاتامسىز؟ — دېدى.

كازىم ئەپەندى:

— ھە، ...... ياق، — دېدى.

— سىز چوقۇم چىدىيالمايۋاتىسىزغۇ-دەيمەن، پەممىچە ئىسسىقتىن دەممۇ ئالالمايۋاتىسىز، دەرىزىنى ئېچىۋېتەيلى.

ھېلىقى شەرقچە خوشامەتچىمىز سەيف:

— بۇيرۇقنى بىجا كەلتۇرىمەن ئەپەندىم، — دەپلا ئېتىلغان پېتى دەرىزىنى ئاچقىلى يۇگۇردى.

— ھەي، قانچە قېتىملار ئېيتتىم! — دېدى كازىم، — مەن باشقىلارنىڭ خوشامەت قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن، ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەت-

سىز ئىشلارغا ئارىلاشماڭ، بۇ يەردە سىزنىڭ قىلىشىڭىزغا تېگىشلىك ئىش يوق. دەرىزىنى كۆتكۈچىلەر ئېچىۋېتىدۇ.

سەيفى ئۇنىڭ كەينىدىنلا:

— خوپ، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئولتۇراي، ئەپەندىم، مېنى يات كورمەڭ، — دىدى.

— تاماكا چەكسەم بولامدۇ؟ — كازىم ئەپەندى بۇرۇلۇپ كەينىدىن سورىدى.

— بىر تالىلا چېكىشكە بولىدۇ، — دىدى كەرىم، — ئەگەر يەنە چەكمەكچى بولسىڭىز، كارىم يوق، بۈگۈن 4 تال چېكىۋەتتىڭىز ......

كىزلىرىمنى يۇمغان ئېچىپ ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە سەپسالدىم، قۇلۇغۇمنى دىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئوز ئارا قىلىشقان ھەربىر جۈملە سوزىنى ئاڭلىدىم. بىرئازدىن كېيىن كەرىم يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي! مەن سىزگە بۇ جىگەررەڭ كىيىمنى زىياپەتكە كىيىپ بارماڭ دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ، ...... ئاللا، دەۋېرىپ كاپۇكلىرىمنىڭ بىر قات تېرىسى ئۇپراپ كەتتى، پەقەتلا گېپىمنى ئاڭلىتالمىدىم، سىزدىن ئازراقلا يىراقتا بولسام، يەنە قانداق ئاخماقلىقلارنى قىلىسىزكىن - تاڭ؟ - دىدى.

كازىم ئەپەندىگە قارىسام، بۇ داڭلىق مىليونىر خۇددى كىچىك باللاردەك:

— ھە، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ ......، - دىدى.

بۇ چاغدا كەرىم ئۇستەلدە ئولتۇرغانلارغا:

— ھەي، خۇدا، ئۇنىڭ راستلا كىچىك بالىغا ئوخشايدىغانلىغىنى سىلەر بىلمەيسىلەر - دە، - دىدى.

شەرقچە خوشامەتچى سەيفى گەپكە قوشۇق سېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇنىڭ ھېچقىسى يوق، — دىدى.

كازىم ئەپەندى ئۇنىڭغا ۋاقىراپ ئەيىپلەپ كەتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، قۇرۇق گەپ قىلما، خوشامەتچى چاكىنا!...... مېنى كىچىك بالىدەك دىگىنى،...... مەن راستىنلا گۇدەكلىگىمنى تاشلىماپتىمەن، كەرىم ئەپەندى بولمىغان بولسا، نەچچە قېتىم جېنىمىدىن جۇدا بولغان بولاتتىم.

كەرىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— بولدى، ئۇخلاش ۋاقتىڭىز بوپقالدى، تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دىدى.

كازىم بىچارىلارچە:

— يەنە بىردەم ئولتۇرسام بولمامدۇ؟ — دەپ يالۋۇردى.

— بولمايدۇ، سائەت 9 يېرىم بولدى، ئۆيگە بارغىچە سائەت 10 بولىدۇ، يەنە كېچىكىپ ئۇخلايدىغان بولدىڭىز، سائەت 10 دا كارۋاتقا چىقىشىڭىز شەرت، تېز بولۇڭ ماڭايلى، — دىدى.

كەرىم ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇمكىنى ئېلىشقا قولىنى ئۇزاتقاندا، مەن چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— نىمە قىلماقچىسىز، هەي، خۇدا، سىزگىلا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. 5 رۇمكا ئىچتىڭىز، سالامەتلىگىڭىزنى ئازراق ئويلىمايدىكەنسىز، رۇمكىنى تېز قويۇڭ، — دىدىم. ئاندىن ئۇنى قاتتىق ئەيىپلىدىم. كەرىم يالۋۇرغان هالدا:

— هېچنىمە بولمايدۇ، مۇشۇ رۇمكىنى ئىچىۋالاي، — دىدى.

— بۇ قېتىم ئىچىشىڭىزگە يول قويسام، كېيىنكى قېتىم قانداق باشقۇرالايمەن، — دىدىم مەن.

كەرىم قولىنى مورەمگە قويۇپ، مېنى بىر چەتكە تارتىپ:

— يارايسەن، هەققەتەن تېز ئۆگىنىۋاپسەن، بىردەمدىلا شەرقچە خوشامەتچىلىك بىلەن غەربچە خوشامەتچىلىكنىڭ پەرقىنى بىلىۋاپسەن...... غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆگەنگەنىنىڭ چوڭ پايدىسى بار. ئەمما بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز هەتتا خوشامەتچىلىك قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ... مۇئاشىڭ قانچە؟ — دىدى.

— ئىككى يۈز ئەللىك لىرا.

— ساڭا بىر ھەسسە قوشۇپ بېرەي. ئەتە سەن باشلىق بولغىنىڭ، سەيىن ساڭا ياردەمچى بولسۇن.

سەيىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىك ئالدىغا بارغان كازىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، قوللارچە باش ئىگىپ تۇرۇپ:

— ئاللا ئۆزى ساقلىسۇن، ئوبدان ئەپەندىم، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى تىلەيمەن! بۈگۈنكى زىياپەتتە، سىز بىرگە بەخت ئاتا قىلدىڭىز، — دېدى.

مەن كازىمنىڭ پېشىنى سەيىننىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، ۋاقىراپ تۇرۇپ:

— قويۇۋەت خوشامەتچى، سەن پەقەت خوشامەتچىلىك قىلىشنىلا بىلىسەن، كازىم ئەپەندىنىڭ يۈزىنى توكۇپ بولدۇڭ، يوقال، ئۆمۈرۋايەت كۆزگە كۆرۈنمە، — دېدىم.

ھەلىمە باقى تەرجىمىسى

(«چەتئەل ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982-يىل 2-سانىدىن)

# مۇئەللىم بولماق نىمدېگەن تەس

يۇ. ناكىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئايالالارنىڭ ھېچبىرى قەلبىمگە بىرىنچى مۇئەللىم مارىيە ۋىلادىمىروۋنادەك كەسكىن ۋە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ ئورۇن ئالمىغان.

ئوقۇش باشلانغان كۈندىكى چۇقان-سۈرەنلىك مەنزىرە ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىر باشتا مەكتەپنىڭ تار ئالدىنقى زالىدا تۇرۇپ، پۈتى كويگەن توخۇدەك تىپىرلاپ ئۇزاق كۈتتۇق. كېيىن پاكار، پايلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئەمما خېلى كەڭ پەلەمپەيگە گۈرۈلدەپ چىقتۇق. بىراق ئۇ يەردىن قوغلىنىپ، خۇددى سىقىش ماشىنىسىغا تاشلانغاندەك يەنە ئالدىنقى زالغا تىقىلدۇق. تۇساتتىن بىرسى: "ئەمدى رۇخسەت قىلىندى!" دەپ توۋلىغان ئىدى، بىز گۈلدۈرلەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چاپتۇق. ئاپام چىقىپ كېتىۋېتىپ باشقا ئاپىلاردىن نەمىنىدۇر سۈرۈشتە قىلدى. ئارقىدىن بىر توپلىشىۋالغان ھەرىلەردەك غۇژمەكلىشىپلا بىر سىنىپقا ئۇسۇپ كىردۇق. قاتار-قاتار پارتىلاردا ئوقۇغۇچىلار لىققىدە ئولتۇراتتى. ئاق، شالاڭ چاچلىق، ياشانغان بىر ئايال مۇئەللىم دوسكا يېنىدىكى ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئانىلار تەڭلا: "كەچۈرۈڭ" دېيىشتى-دە، بىزنى تارتىپ كارىدورغا چىقتى.

مەن، مەكتەپ بىزنى قوبۇل قىلمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنداق

بولغاندا دەرس ئاڭلاش، دوسكىغا چىقىش، كىتاپ ـ دەپتەر، ناپشۇرۇق، نومۇر، قىشقىسى، بىر يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدىغان بولدى، دەپ تەشۋىشلىنىپ قالدىم، دەل شۇ چاغدا پەلەمپەينىڭ ئۇدۇلىدىكى سىنىپنىڭ ئىشىكى، قوش قاناتلىق ئىشىگى ئېچىلدى ـ دە، بىرسى:

— 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپتىكىلەر بۇ ياققا كېلىڭلار! ـ دەپ توۋلىدى.

مەن سىنىپىمنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئىشىنىمەندۇ چوقۇم مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ ھوكۇم قىلدىم. دەرۋەقە مەن خاتالاشماپتىمەن. ئاپام قولۇمنى قويۇۋېتىپ، مېنى سوغا سەكرەشكە ئىتتەرگەندەك كەينىمدىن بوشلا ئىتتىرىپ قويدى. مەن سىنىپقا قاراپ يۈگۈردۈم، باللار ھەش ـ پەش دىگىچە ئىشىككە پۈرۈپكىدەك تىقىلىپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا بىر قورادىكى ئاغىنەم مىكا كىلىنكوپ مېنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، چىڭ ئېسىلىۋالدى. ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، ئۆزى يىغلاڭغۇ ئىدى. مەن ئۆزەمدە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشتەك بىر خىل مەجبۇرىيەت باردەك سەزدىم ـ دە، ئارقامدا تۇرغان ئاپامنى ئۇنتۇپ، ئۇنى ئېلىپ توپ ئىچىدە دەسسەپ، ئىتتىرىپ دىگەندەك بار كۈچۈم بىلەن ئىچىگە ماڭدىم. ئاقىۋەت بىز يورۇق، ئازادە سىنىپقا كىردۇق، تېخى ئالدىنقى رەتتىن بىر پارتىنى ئىگەللەپمۇ ئالدۇق.

چۇقان ـ سۈرەنلەر قۇلاقنى يەيتتى — ھەممە باللار ۋاقىراپ ـ جاقىرايتتى، پولنى تېپەتتى، پارتىلارنىڭ ئاغزىنى تاراقلىتىپ، ئېچىپ ـ ياپاتتى. تۇيۇقسىزدىن سىنىپ تىنجىپ، ھەممە كوزلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن ئاستا ئېچىلىۋاتقان ئىشىككە تىكتى. ئېغىر مىس تۇتقۇچ ئاستا ئايلىنىۋاتاتتى. ئىشىك يەنە يېپىلىپ، كىچىككىنە يوچۇق قالدى. بىز نەپەسمۇ ئالماي، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، بۇ ئاجايىپ ئەھۋالغا مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق. ئارقىدىن

ئىشىك شاققىدە ئېچىلىپ، بىر ئايال مۇئەللىم كىردى: ئۇ ئوتتۇرا بوي، خىپىلا تولۇق كەلگەن ئايال بولۇپ، كوكسى ئىگىز كوتىرىلىپ تۇراتتى. بېشىنى تىك، مەغرۇر تۇتاتتى. ماڭغاندا پۇتلىرى گويا بالىت ئويناۋاتقاندا ماڭغاندەك تاپىنى جۇپلىشىپ، ئۇچى ئايرىلىپراق تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە نازاكەتلىك يۇرۇش-تۇرۇشىغا تولىمۇ يارىشىپ، كىشىگە ئۇ مۇنداقلا مېڭىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى تەنتەنىلىك نامايىش قوشۇنىدا كېتىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك، سالاپەتلىك تۇيۇلاتتى.

مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ يۇزىگە سۇس قىزىللىق يۇگۇردى ۋە بۇ قىزىللىق قۇلاقلىرى، بويىنى، چوڭ ئويۇلغان كوينىگىنىڭ ياقىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان كوكرەكلىرىگىچە تارىدى. ئۇنىڭ قان تومۇرلىرى تېرىسىگە چاپلىشىپلا تۇرسا كېرەك، چۇنكى، ئۇنىڭ چىرايى ئاقارغان چاغدا بۇ قان تومۇرلار ئىنچىكە، سۇس بېغىررەڭ كىچىك تورلاردەك ئېنىق كورۇنۇپ قالاتتى. قىسقىسى، مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ناھايىتى گوزەل ئىدى: ئۇنىڭ روشەن، ئەمما قاتتۇرۇپ قويغاندەك قاملاشقان يان كورۇنۇشى، ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ئويناپ تۇرىدىغان، قېيىن دەرىخى شىرىنىسىنىڭكىدىن سەل قېنىق رەڭدىكى كوزلىرى، سالماق ھەمدە كەسكىنلىكىنى ئىپادە قىلغۇچى ئاغزى، ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. چېچىنى پاقىرىتىپ تۇپ-تۇزلا تاراپ كەينىگە تۇگۇۋالغان بولسىمۇ، قويۇق، سەل ساغۇچ كەلگەن قوڭۇر چاچلىرى ئۇنىڭ تۇگۇپ قويغىنىغا بويسۇنماي تال-تال چېچىلىپ، سۇرەتتىكى تەڭرىنىڭ بېشىدىكى نۇر تاجىدەك جۇلالىنىپ، قۇياشتا پاقىراپ تۇراتتى. مانا بۇ ئوقۇش باشلانغان بىرىنچى كۇندىكى مەنزىرە. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا يوقلىما دەپتەرنى تۇتۇپ دەرىزىنىڭ قارشىسىدا تۇرغىنىدا، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم چاچلىرىنى پاقىرىتىپ، گويا ئۇنىڭ بېشىدا ئوت كويۇۋاتقاندەك بىر مەنزىرە ھاسىل قىلدى.

خرىستىيان دىنى ھەدىسلىرىدە: "ھەرگىز ئۆزەڭلارغا مەبۇت تىكلىمەڭلار" دېيىلىدۇ. ئەمما مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۆزەمگە ھەر خىل مەبۇت تىكلەشكە ئامراق ئىدىم، ئەتراپىمدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئىلاھلاشتۇراتتىم. بۇنداق كوپ خۇدالىق دىندار بولۇش ئارزۇسى مەندە گويا ئۆزەم گانگ دەرياسى بويىدا تۇغۇلغاندەك، ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى.

ھاياتىم ئۆزەم چوقۇنۇدىغان ئىلاھلار بىلەن تولغان ئىدى. جەمەتىمدىكى ئىلاھلاردىن بولەك يەنە بىر مۇنچىلىغان ئىلاھلىرىم بار ئىدى. مەسىلەن، ئوسمۇرلەر ۋەلىسىپىت ماھىرى پاتائىن، چويلا توپچى پۇراۋدىن، خوش راۋول كاپا بولنىكا①، چوڭ دوماسنىڭ رومانىدىكى ئۈچ مەرگەن، خوشنىمىز — ئىچكى ئۇرۇش خۇداسى دانىلىچ، ۋاراتار سۇكروۋ، ھويلىمىزدىكى كىچىك زالىم — "ئاتلىق يىلقىچى" ۋوپكا، ئۇنىڭ شەھەر سىرتىدىكى چوماقچىسى كىركاگرويىۋ، ئۇچلا كوچىغا قارايدىغان بىر ئولتۇرۇۋاتقان ئوي، كوككە تاقىشىپ تۇرىدىغان مىشكوپ مۇنارى، ئابلىكسوۋسكى باغچىسى، ھويلىمىزنىڭ ئاتخانىسىدىكى ئارغىماق ئات ماخنۇ، مونتىكرىستو تاپانچىسى، قىزىل رەڭ، ۋەللەي ئويۇنى، شاكىلاتقا ئامراق ئالتە ياشلىق قىزچاق لىيالىيا.

ئۇچۇق، ئەمما سوغىغى ئادەمنىڭ شىللىسىنى قورۇشقا باشلىغان سېنتەبىر ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى، جىممىكى مەبۇتلار ئوزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، تەڭلا ئوزىنى دالدىغا ئالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كوپى پۇتۇنلەيگە يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوز ئالدىمدا خرىستىيان دىنىدىكى مۇقەددەس مەريەم ئانىغا ئەمەس، بەلكى كوپ خۇدالىق دىندىكىلەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەۋلىيانىڭ سۇرىتى پەيدا بولدى.

مەن ئوز تەقدىرىمنى يېڭى مەبۇتقا — چېھرىسىدىن نۇر

---

① 1921 — 1927 - يىللىرىدىكى دۇنيا شاخمەت چېمپىيونى.

يېغىپ تۇرىدىغان، ئانار يۈزلۈك، تەققى-تۇرقى چىرايلىق بىر ئايالغا خۇشاللىق بىلەن چىن قەلبىمدىن تاپشۇردۇم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سەمىمىلىك، كەسكىنلىك ۋە تەمكىنلىك نۇرلىرى چاقنايتتى. ئىگىز، رىتىملىق نەپەس ئېلىۋاتقان كۆكرىكىگە گۈل نەقىشلەنگەن چىرايلىق كۈمۈش بولاپكا تاقىۋالغان ئىدى.

مۇئەللىم بولماق ئەجەپ تەس جۇمۇ! مۇئەللىم ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان چىچەن، ئوتكۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە ھەمىشەملا دوستانىلىق ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان كۆزلەرنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. كىيىم-كېچەكلىرى، چېچىنىڭ پوسۇنلىرى ۋە ئادىتىدىكى زەررىچە نۇقسانلارنى ئوقۇغۇچىلار دەررۇ بايقىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئېغىز خاتىرىلىرىگە چۈشۈرۈۋالىدۇ. ۋاھالەنكى، ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىملەرنىڭ نۇقسانلىرىنى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ-كىنى خاتىرىلىگىنىدىن بەش بەتتەر رەھىمسىزلىك بىلەن خاتىرىلىۋالىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىملەرنىڭ مىجەز-خۇلقىنى، ئاجىزلىقلىرىنى، يەنى قايسى مۇئەللىمنىڭ ھاراققا ئامراقلىقى، قايسى مۇئەللىمنىڭ دائىم ئۇچرىشىشقا بارىدىغانلىقى، قايسىنىڭ قارتا مەستانىسى ئىكەنلىكى، قايسى مۇئەللىمنىڭ ئوپېرا ئارتىسىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملەرنىڭ يەكشەنبە ۋە كانىكوللارنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيقۇ-سىنىڭ قانداقلىقى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى، سالامەتلىكى-نىڭ ياخشى ياكى بىرەر كېسەللىكى بارلىقى، ئۇلار ھورمەتكە لايىقمۇ ياكى پەقەت مەكتەپتە "ئىشلىگەن" ۋاقتىدىلا تۈزۈك ئادەمگە ئوخشاپ قالامدۇ، مانا بۇلارنى ئوبدان بىلىشىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملەر-نىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش، ئىسكىرىپكا چېلىش، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، تانسا ئويناشقا ئوخشىغان قىزىقىش-ھەۋەس-لىرىنىمۇ ياخشى بىلىشىدۇ. ئۇلار كىملەرنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكى،

كىملەرنىڭ چىۋىندەك چاپلىشىپ، لالما ئىتتەك قاتىراپ يۈرىدىغانلار ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك كىملەرنىڭ مۇئەل-لىملىكنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ.

مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ھەرقايسى جەھەتتىنمۇ نۇقسانسىز ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ مۇشۇنچە چوڭ مەكتۇۋىمىز ئىچىدە، بىردىن-بىر لەقىمى يوق مۇئەللىم ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنى قورقىتىپ يۈرىگىنى ئالىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ دەرسىدە تەرتىپ دائىم ناھايىتى تىپ-تىنچ بولاتتى. سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئوقۇ-غۇچىلارغا ئۇ ھەرگىزمۇ ۋاقىراپ-جاقىراپ تەنبىھ بېرىپ كەتمەيتتى، سىنىپتىن ھەيدەپ چىقىرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايتتى. پەقەت بولالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ بېرىدىغان تەنقىدىنى ئادەتتە پەقەت ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن قاراش ئارقىلىقلا ئىپادە قىلاتتى. بۇنداق قاراش چاقماق تېزلىگىدەك قىسقا، ئەمما كەسكىن بولاتتى. ئۇنىڭ نەزىرى بەزىدە سەندە ئۇزاق توختاپ، سېنى يەر يېرىلسا يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. بۇ پەقەت باشقىلارنىڭ تەسىراتىدىن سەزگەنلىرىم بولۇپ، ئۇ چاغلاردا مەن بىرەر قېتىممۇ بۇنداق قاراشقا دۇچ كەلمىگەن ئىدىم. شۇنداق، مەن دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ چىدىيالمايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. بۇ خىل قاراشقا ھەمىشە بىر خىل مەنىسىمەسلىكتەك ئاچچىق كۈلكە ھەمراھ بولاتتى. تومۇرلىرىدىكى قانىنىڭ ئۇنىڭ سىپتە تېرىسىگە تېپىشى، ئەنە شۇ خىل قاراشنىڭ جاكاچىسى ئىدى.

ئادەتتە، مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئاسان قىزىراتتى، قىزارغاندىمۇ ئۇيالغاندا، ئىككىلەنگەندە ياكى شاتلانغاندا ئەمەس، بەلكى قانائەت ھاسىل قىلمىغاندا ياكى غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتقاندا قىزىراتتى. ھېس قىلىشىمچە مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ بىزنى گەپكە كىرگۈزەلىشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىنچىسى، ئۇنىڭ يۈزىگە چىقىدىغان ئەنە شۇ قىزىللىق بولۇپ، بۇ بەئەينى، قاتناشقا قوماندانلىق قىلىدىغان قىزىل

چىراق يېنىش بىلەن تەڭ، شوپۇر ماشىنىنى دەررۇ تورمۇزلاپ توختاتقاندەك ئۇنۇملۇك ئىدى، ئۇ قىزارغان ھامان بىر قېتىپلا قالاتتۇق - تە، ئىش يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان يەرگە بېرىپ يەتمەيتتى.

ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەلۋەتتە قورقۇش، قورقىتىش ئۈستىگە قۇرۇلمىغان، ئۇنىڭدا ياش قەلبلەرنى بويسۇندۇرىدىغان بىر خىل تەبىئى خۇسۇسىيەت بار ئىدى. پۈتۈن سىنىپتىكى قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مارىيە ۋلادىمىروۋنانى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياخشى كورەتتى.

ئۇ بۇنىڭغا ھېچقانچە ھەشەم تارتمايلا ئېرىشتى: ئۇ ھەر قانداق چاغدا تاشقى كورۇنۇشىدىكى سالاپەتنى ساقلىدى، كىيىم - كېچەك، قول ئىشارىسى ۋە تەلەپپۇزىدا قىلچىمۇ كەتكۈزۈپ قويمىدى. يۈرۈش - تۇرۇشتا سالماق، پۇختا بولدى. ئۇنىڭ قەلبىمۇ، تاشقى كورۇنۇشىمۇ كىشىدە ئۇزىگە نىسبەتەن ھورمەت ھېسى قوزغايتتى. ئۇ قەتئى، كەسكىن بولۇپ، پو ئاتمايتتى، يوغان گەپ قىلمايتتى. كىشىگە خۇددى ئالىجاناپ، ئەمما يەنە ئادەتتىكى بىر بايرامنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بىر خىل تەنتەنىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. قىلدىقسىز - لىقتا ۋە قوپاللىقتا پەقەتلا يول قويمايتتى. ئۇ ئوز مەقسىدىنى ئىپادىلەشكە ئۇستا ئىدى. سەن ئۇنىڭ ئۇزەڭگە ناھايىتى دىققەت بىلەن كوڭۇل بولۇۋاتقانلىقىنى قەدىرلىمەي تۇرالمايتتىڭ، شۇڭا ئۇنىڭ سىپنى تولۇق بىلىشكە گەپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم، يېقىملىق تەبەسسۇمى ئادەمگە بەختىيارلىق ئاتا قىلاتتى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارتۇقچە يېقىنلىشىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. تۆۋەن سىنىپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرى، ھەتتا بەزى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مۇئەللىملەرگە چىرمىشىۋېلىشنى ياخشى كورىدۇ. شۇنىڭدەك مۇئەللىملىرىمۇ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقىچە ئۇلارنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلىۋالىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل خۇسۇسەن

لۆكچەك ئۇقۇغۇچىلارنى توغرا يولغا سېلىشنىڭ، چۈشەنمەسلىكتىن خاتا يولغا كىرىپ قالغان ياش قەلبلەرنى ئويغىتىپ تۈزەش قىلدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل يەنە چېقىمچىلار بىلەن پېچىرلاشقاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا چېقىمچىلار مۇئەللىمنىڭ ئىشەنچىسىگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھەمرالىرىنى سېتىپ، جىمىكى سىرنى ئاشكارىلاشقا تەييار تۇرىشىدۇ. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئۆزىنى قۇچاقلىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەڭ غىلجىڭ قىزلارنىمۇ يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى.

ئاخىرقى نۇقتا — ئەمەلىيەتتە بولسا، ئالدىنقى نۇقتا — شۇكى، ئۇنىڭ ئابرويى، ئۇ مۇنەۋۋەر مائارىپچى ۋە ئادىل، توغرا بولغانلىغىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ دەرسنى ئاجايىپ ئوبدان ئۆتەتتى. خېتى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. جاراڭلىق، ئىشەنچلىك ئاۋازى ھەر قانداق ھارغىنلىق ۋە مۈگدەشنى قاچۇراتتى. ئەپچىل، چىۋەر قوللىرى يۇقۇرى سىنىپلارنىڭ قول ئەمگىكى دەرسىنىڭ ھوددىسىدىن بىمالال چىقالايتتى. نومۇرنى قىل ئۇيان-بۇيان قىلماي شۇنداق ئادىل قوياتتىكى، ئۆزەڭ كورۇپمۇ مەن مۇشۇ نومۇرغا لايىق ئىدىم، دەپ قالاتتىڭ.

ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى سىزلىق پەردە توساپ تۇرمىغىنىدا، ئۇنى يۇقۇرقى خىسلەتلىرى بىلەنلا قەلبىمىزدە بۇنچە يۈكسەك ئورۇنغا قويىمىغان بولاتتۇق. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىلىدىغانلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ قىزىل دەرۋازا ئەتراپىدا تۇرىدىغانلىغى، ئېرىمۇ، بالا-چاقىسىمۇ يوقلىغى ئىدى. مۇشۇنچىلىك ئەھۋالدىن باشقىلىرى، باشقا ئايال سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئېرى بار، نېمىشقا گۈزەللىكتە تېڭى يوق مارىيە ۋىلادىمىروۋنادەك ئايالنىڭ ئېرى ۋە ئائىلىسى يوق؟ دىگەندەك تېڭى يوق گۇمان ۋە پەرەزلەر ئىدى.

روشەنكى، مارىيە ۋىلادىمىروۋنا توي قىلغان، ئەمما كېيىن

تۇرمۇشىدا قانداقتۇ بىر ھادىسە بولغان، ئۇ قانداقتۇ بىر پاجىئەگە
يولۇققان ـ دە، يەككە ـ يېگانە قالغان. بىرىنچى، ئىككىنچى سىنىپتىكى
چاغلىرىمىزدا، بىز ئەلۋەتتە بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنى خىيالىمىزغا
كەلتۈرمەيتتۇق. ئۈچىنچى سىنىپقا چىققىنىمىزدا ئۇنىڭ چۈشىنىكـ
سىز، يەككە ـ يېگانە تۇرمۇشى بىزنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى.
تۆتىنچى سىنىپقا چىققان چاغدا بولسا، بىز بۇ ئەھۋاللاردىن
گۇمانلىنىپ باش قاتۇرۇشقا باشلىدۇق، بىز چوقۇم ئۇنىڭ بىر
سىرى بار، دېگەن يەرگە كەلدۇق. ئەمما ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت ـ
ھۆرمىتىمىز ئۇنىڭ سىرى ھەققىدە ئۆزئارا سۆز ـ چۆچەك قىلىشـ
مىزغا يول قويمايتتى. مەسىلەن، بىز مىخايىل لىئاندوروۋىچنىڭ
دائىم ھاراق ئىچىدىغانلىقى، ئاگنىيە فېدوروۋنانىڭ قىرى ئېرىدىن
ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ئايال تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ چىرايلىق
ئىلمىي مۇدىرغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەشكەندەك
سۆزلەشمەيتتۇق. لېكىن ھەممىلا ساۋاقداش مارىيە ۋىلادىمىروۋـ
نانىڭ سىرى ھەققىدە ئىچىدە قىياس قىلاتتى. مەنمۇ بۇ ھەقتە
تىنماي ئويلىناتتىم ھەمدە قايسى ساۋاقدىشىمنىڭ ماڭا ئوخشاش
قىياستا بولۇۋاتقانلىقىنى تېزلا سېزىۋالاتتىم.

مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى ھاياتى
نامەلۇم ئىدى. ئۇ بىزنىڭ مەينەت قىلىۋېتىلگەن تاپشۇرۇق
دەپتەرلىرىمىزنى تەكشۈرمىگەن چاغلىرىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟
دائىم قايەرلەرگە بېرىپ تۇرىدىغاندۇ؟ كىم بىلەن ئۇچرىشىدىغاندۇ؟
كىملەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشىدىغاندۇ؟ ئۇ يېڭى كىنو ـ تىياتىر،
كۆرگەزمە خەۋەرلىرىدىن پەششىق خەۋەردار بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ
بىلىشى زورۇر بولمىغان "سپارتاك" كوماندىسى بىلەن "پاراۋوز"
كوماندىسىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى، سېھىرگەر كىفارونىڭ سىرتلاردا
ئويۇن قويۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگىنى، ياكى بولمىسا ۋىتالى
رازالونكىنىڭ سەكرەشتە رېكورت بۇزغانلىقىغا ئوخشاش خەۋەرلەرنىمۇ

ئوبدان بىلەتتى. بەلكىم ئۇ بۇ خەۋەرلەرنى «موسكۋا كەچلىك گېزىتى» دىن ئوقۇپ بىلىۋالىدىغاندۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ تونۇۋېلىش قابىلىيىتى ناھايىتىمۇ ئۈستۈن بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك ئۇ، مەن ئوقۇغۇچىلار قىزىقىدىغان تۇرمۇشنى بىلىشىم كېرەك، دەپ قارايدىغاندۇ، ۋاھالەنكى مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دىگىلى بولمايتتى: ئۇ ئەسلى توپ مەستانىسى ياكى ئويۇن خۇمارى؛ كىچىك ۋاقتىدا كىنو ئەرتىسى بولۇپ كىنوغا چىققان؛ سېھىرگەر ئېرى ئۇنى ساندۇققا سېلىپ "پارچىلاش" ئويۇننى ئوينىغان، كېيىن بىرەر سېھىرگەرچى ياش قىزنى دەپ ئۇنى تاشلىۋەتكەن؛ ياكى ئۇنىڭ ئۆزى شىر ئۆگەتكۈچى ئەرتىس بىلەن قاچقان، ئۇ ئەر- تىسنى كېيىن شىر قىيما-چىيما قىلىۋەتكەن بولۇشىمۇ خۇدا ھەققى، ئىشەنسەڭلار كاللامغا ھەقىقەتەن بولمىغۇر ئوي-خىياللار كېلەتتى.

بىرىنىڭ نىمىشقا مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ ئاجايىپ، ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل بولۇش ھىسسىياتقا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى مۇنداق بىر ئ دۇرسەك ئېنىق بولىدۇ: ئۇ باشقا مۇئەللىملەردە ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمايتتى. ئۇ بىرگە باشقا مۇئەللى ئاز ئەمەس، بەلكى خېلىلا جىق بىلىم بېرەتتى. ئەمما سىنىقىمىغا ئېلىۋالماي، باشتىن-ئاياق بىر خىل تۇتاتتى. مەسىلەن ئۇ سەپرا مىجەز، ئاۋازى بوم چىقىدىغان، خوش بولغىنى بىلەن خاپا بولغىنىنىڭ پەرقى يوق ئانىنا دىمىترىيېۋنادەك كۈيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ كەتمەيتتى، ھەر كۈنى سومبۇل روھى ئىچىش ياكى باشقا دورىلارنى ئىچىش بىلەن دەرستىن چۈشكىچە ئاران چىداش بېرىدىغان خام سېمىز، ئاق كوڭۇل سوفىيە نىكولايېۋناغىمۇ ئوخشىمايتتى، يەنى ئۆزىنى پەقەت ئالدىرۇپ قويمايتتى. مەكتە- ۋىمىزدىكى ئايال مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسىلا ياش جەھەتتە بىر

يەرگە بارغان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆي ئىشى ۋە غېمى بېسىپ
تۇراتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ھەر كۈنى دەرس تاماملانغان
چاغدا ھېرىپ ھالدىن كېتەتتى. بىرلا ياش، جۇشقۇن يېلىنا-
مىخايلوۋنا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەمىشە
كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى. يەنە ھەر دائىم دەرستىن چۈشكىچە
ئۇنى ئۈچىنچى ئېرى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.
ئۇ ئىشتىن چۈشكەن ھامان، ئۇلار كىنوخانىلارغا باراتتى،
"ئېرمىتاش" باغچىسىغا ماڭاتتى، قىش كۈنلىرى بولسا، مۇز تېيىل-
غىلى مۇز مەيدانلىرىغا كېتەتتى.

ئۇنداق بولسا مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئاستا ئەمما سالماق
قەدەم تاشلاپ نەگە بارىدۇ؟ ئۆيىگە قايتامدۇ؟ قاراڭ، ئۇ
ئۆيلىرى زىچ، ئاشخانا ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ئائىلىلىكلەر قوراسىغا
كېلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ بويتاقلارغا خاس قوپ-قورۇق بىر ئېغىز
ئۆيىگە كىرىدۇ. چاپىنىنى سېلىۋېتىپ پەرتۇغىنى تارتىدۇ-دە،
كىرسىن ئۇچىغىنى يېقىپ ئاخشام قالغان شورپا بىلەن گوش
ناننى قىزىتىپ يەيدۇ، ئاندىن دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ گېزىتلەرنى
ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇ خەۋەرلەر، كىنو-تىياتىر ۋە سېرىك ئېلان-
لىرى، ئۆلۈم-يىتىم ياكى ئوقتۇرۇش، ئېلانلار ...... بار ئەڭ ئاخىرقى
بەتنى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىدۇ...... بۇنداق
ئەھۋاللارنى بىز ئەقەللىسى تەساۋۋۇرىمىزغىمۇ سىغدۇرالمايتتۇق.
ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ يەردىكى جىمى نەرسىدىن بىز
چۈشىنەلمەيدىغان، بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى
ھىد كېلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مۇشۇنداق تۇرمۇش
ئۆز بۇرچىنى كۈچلۈك ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئادا قىلاتتى.

مارت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، گۇگۇم ۋاقتىدا— ئۇ چاغدا مەن
ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتىم— مەن موسكۋانىڭ مىنشۇي كولى
بىلەن باغچا كوچىسى ئوتتۇرىسىدىكى كېسىشكەن كوچىدا مارىيە

ۋىلادىمىروۋنانىڭ پىيىگە چۈشۈپ خېلى ئۇزۇنغىچە ماڭدىم. ئەسلى ئۇنىڭ پىيىگە چۈشۈشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم. ئەمما بۇ ئىش، تەبىئىي شۇنداق بولۇپ قالدى. مەن ئاغرىق ساۋاقداشىمنى يوقلاشقا كېتىۋاتاتتىم. مىرىنكوپ كوچىسىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە مۇئەللىم بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم. ئۆزەمنىڭ شۇ چاغدا نېمىشقا ياردىماس بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك چوچۇپ شاققىدا تۇرۇپ قالغانلىغىمنى بىلمەيمەن. مەن جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ، مۇئەللىم ھەرگىز ئارقىسىغا قاراپ تاشلىمىسۇن خۇدايىم، دەپ تىلاۋەت قىلىپ كەتتىم. چۈنكى ماڭا ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ، گەپ قىلغۇدەك بولسا قۇتۇلماق تەس بالا - قازاغا قالىدىغاندەك — زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك، ياكى ھۇشۇمدىن كېتىدىغاندەك، ياكى پاڭگىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك ياكى دوتلۇغۇم ئاشكارا بولۇپ قالىدىغاندەك، شۇندىن كېيىن ھاياتىم تۈگەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەختىمگە مارىيە ۋلادىمىروۋنا كەينىگە قارىمىدى.

ئۇ كوچىدىمۇ خۇددى سىنىپتىكىدەك ھەيۋەت بىلەن بېشىنى تىك، مەغرۇر تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇ ناھايىتى رېتىملىق دەسسەپ، كۆزىنى ئۇدۇلىغا تىكىپ، تەنەپپۇس ۋاقتىدا كارىدورلاردا ئاستا ماڭغان چېغىدىكىدەك، ئەتراپىدىكى مال ماتاڭچىلىقلارغا نەزەر كۆزىنى سالماي كېتىپ باراتتى. ئادەملەرنىڭ قاتنىشى تازا "ئەۋجىگە چىققان" شۇ پەيتتە، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ كەتمىگەنلىكى، ھەتتا جەينىگىمۇ تېگىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆردۈم. يولدىن كېسىپ ئۆتكەندىمۇ ئۇ قەدىمىنى ئاستىلاتماي، ئۇياق - بۇياققىمۇ قارىماي، ئاپتوموبىل، چوڭ - كىچىك ھارۋىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان يولدىن بىخارامان كېسىپ ئۆتەتتى. گويا ئات - ھارۋىلار ئۇنىڭغا تەھدىت سالمىغاندەك، ئۇمۇ قاتناشقا تەسىر يەتكۈزمىدى.

مەن گويا ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغاندەك ئارقىسىدىن قالماي ماڭدىم. مەن كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلاتتىم، ئىشتىن چۈشۈپ

ئۆيگە قايتىۋاتقان كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ يىقىلغىلى تاس قالاتتىم. ھارۋىكەشلەر مېنى تىللاپ قاغاپ كەتتى، راسا قاھچىلىۋەتكۈسى كەلدى. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئۆزىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغانلىق ھۈنىرىنى ئوقۇغۇچىسىغا ئۆگەتمىگەن ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا نېمىشقا ئەگەشكەنلىكىم، نېمە ئىش قىلماقچى، نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. راستىنلا مەن ھېچبىر مەقسەتنى كۆزلىمىگەن، ھېچبىر خىيالدا بولمىغان ئىدىم. غۇنچە بوي، قەددى-قامەتى كېلىشكەن، قوڭۇر رەڭ جۇۋا كىيىۋالغان بۇ ئايال، گويا مېنى شەكىلسىز ئاغامچىدا باغلاپ يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ماڭغانسېرى ھودۇقاتتىم. بىز قانداقتۇ بىر جايغا يېقىنلاشتۇق. ئۇ ئۆيگە كېلىپ قالغاندىمۇ؟... ئۇنى بىرسى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟...... ياكى بۇ بىر ئۇچرىشىش جايىمدۇ؟......

تۇيۇقسىز مارىيە ۋىلادىمىروۋنا شاققىدە بۇرۇلۇپ، ياندىكى ماگازىنىنىڭ يوغان، ئەمما پاكار، يوپ-يورۇق ئەۋرىشكە دەرىزىسىگە قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ شۇنچە ئايلىنىپ كېلىدىغان جايى مۇشۇ كىيىم-كېچەك ۋە ئۈنچە-مارجان ماگازىنىنىڭ ئەۋرىشكىلەر دەرىزىسى ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم. مەن، ئۇنى ئاشۇ قېلىن ئەينەكلىك ئىشىكتىن ئۆتۈپ ماگازىنغا كىرىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن بىرەر مۆجىزە كۆرۈش ئۈچۈن توختىدىم. ئويۇم بىر باشقا چىققىچە ئارىلىقتا مارىيە ۋىلادىمىروۋنا پىكرىدىن يېنىپ، ماگىزىنغا كىرمەستىن ئەۋرىشكىلەر دەرىزىسى ئالدىدا نېمىدۇر بىر نەرسىگە قاراپ كەتتى. مەن يېقىنلا يەردىكى يامغۇر چۈشىدىغان نونىڭ تۈۋىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ يۈزىدە بىرەر ئىپادە يوق ئىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى لىكىلداپ كېتىپ قەلبىدىكى مەخپىي ھەركەتنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك قىلدى. ئاندىن ئۇ ئەۋرىشكىلەر دەرىزىسىدىن ئايرىلىپ تەمكىن قەدەملەر بىلەن

ئالغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى. مەن ئىككى تاخلاپلا ئەۋرىشكىلەر دە-
رىجىسى ئالدىغا باردىم. ئۇ يەرگە تىزىلغانلار پۇتۇنلەي بازىرى
ئىتتىك لازىمەتلىكلەر، يەنى قول سومكىسى، پورتمان، قەغەز قۇ-
تىلارغا قاچىلانغان تۇگمىلەر، تاغاق، قايچا، باش چوتكىسى، غال-
تەك يىپ، يىڭنە ۋەهاكازالار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە زادى
قايسىسى مارىيە ۋىلادىمىروۋنانى قىزىقتۇرغاندۇ؟ ئۇ نىمىشقا قاش-
لىرىنى لىكىلداتقاندۇ؟ بۇنداق هال ئۇنىڭ سىنىپتىكى چاغلىرىدا!
هەرگىز كورۇلمەيتتى. شۇڭا ئىچىم پۇشتى. مىنىڭ ئوغرىلىقچە كو-
رۇۋالغىنىم مارىيە ۋىلادىمىروۋنادىكى بىر مائارىپچىغا ۋە سىنىپ
مۇدىرىگە خاس نەرسە ئەمەس، بەلكى بىر ئايالغا
خاس نەرسە ئىدى. بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش ئىدى.
چۈنكى مەن بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە بىرەرسىنىڭ چۈشكىنىنى
بايقىمىغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنى مۇهاپىزەت قىلمىغان پەيتىدىن
پايدىلانغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئېگىشنى توختاتتىم.

ئادەتتە ئەقىل كىرىش باسقۇچى نە قەدەر مۇهىم-هە!
هازىر بولسا يىللار مىنى جىسمانى جەهەتتىن هىساپقا ئالمىغاندا،
پەقەتلا ئۆزگەرتمىدى. ۋاهالەنكى ئۇسمۇرلۇك دەۋرىگە قەدەم قويى-
غان چاغلاردا، يىرىم يىل ۋاقىتتىمۇ تەرەققى قىلىۋاتقان مۇسكۇل-
لاردا قانچىلىك زور ۋە تاڭ قالارلىق ئۆزگىرىش هاسىل قىلىدۇ-
هە! ئويلاپ قارىسام، مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ كەينىگە كىرىۋالغان
ۋاقتىم ئەمدى ئون بىر ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىكەن. ئون ئىككى
ياشقا كىرگەن چېغىمدا مەن ئۇنىڭ كوڭلىگە يېقىشقا ئۇرۇنۇپ
باقتىم.

ئۇ كۇنلەردە مەن جۇغراپىيىگە ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئويۇم-
نىڭ توت تېمىنى خەرىتە بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن ئىدىم. يەنە تې-
خى بىر مۇنچە خەرىتىلەر توپلىمى ۋە كىچىك تىپتىكى گىلوبۇسمۇ
تاپقان ئىدىم. خەرىتىدە قۇرۇقلۇق — قوڭۇر رەڭ تاغ تىزمىلىرى

ۋە ياپ - يېشىل تۈزلەڭلىك — دېڭىزغا تەكەببۇرلارچە قاراپ تۇ-راتتى، گۈلبۇستانى بولسا، جاھان پۈتۈنلەي دېڭىز بولۇپ، ھەممە يەر كۆپ - كۆك نۇر چاچاتتى. مەندە تەبىي خەرىتە ۋە سىياسى خەرىتە، دۇنيا خەرىتىسى، ھەر قايسى قىتئەلەر خەرىتىسى ۋە دۆ-لەتلەرنىڭ ئايرىم خەرىتىسى بار ئىدى. يەنە دېڭىز ئېقىملىرى خەرىتىسى ۋە پۈتۈن بىر تامنى ئىگەللىگەن قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانات-لارنىڭ رايونلارغا بولۇنۇش خەرىتىسىمۇ بار ئىدى. بۇ خەرىتە مېنىڭ ئەڭ زور بايلىغىم بولۇپ، ئۇنى مەن كوزنىكى كۆۋرۈكمىدىكى خەرىتە دۇكىنىدا تاسادىپى ئۇچرىتىپ قالغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خەرىتىنىڭ سېتىلغىنىنى ھېچيەردە كۆرمىدىم.

بۇ خەرىتە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇ-نىڭدا ھەر خىل ھايۋاناتلار ئۆز جايىنى تاپقانىنىڭ سىرتىدا تېخى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزگىچە، خاس مەنزىرە قوينىدا ئىدى: يېشىل رەڭلىك ئۇزۇن قۇيرۇق مايمۇن چېڭگىلىكتە ئىدى. شىر تۇخۇمەك دەرىخى تۇۋىدە قوزىچاقنى يەۋاتاتتى؛ قاقاس ئاۋستىرالىيە قىت-ئەسىدە كۆۋى قۇشى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇدەك تۇمشۇق ھاي-ۋانلار تۇخۇملىرىنى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇۋىسىغا كېتىۋاتاتتى. كېنگۇرۇ قۇسىغىنىڭ تېرىسىگە باللىرىنى چىڭ يوگىۋېلىپ سەكرەش-كە تەمشىلىۋاتاتتى، بىر توپ لالما ئىت چېپىپ كېتىۋاتاتتى. باشقا قىتئەلەردىكى جىق ھايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاۋستىرالىيىدە ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتىمۇ شالاڭ، يوق دىيەرلىك ئىدى. باشقا قىتئەلەردە بولسا، ھەر خىل ھايۋاناتلار كولىېكتىپ ياتاقلاردىكىدەك قەۋەتمۇ - قەۋەت، بىرىنىڭ ئۇستىگە بىرى جايلاشقان ئىدى. مەسىلەن، شىر، پىل، سۇ ئىتى، كەركىدان، ئورانگۇتان، تۆگە قۇشى، زىراپا، تىمساق، تاشپاقا، ئىلان......

مەن ھەربىر دولەتكە بىردىن خاتىرە تۇتۇپ، خەرىتىدىن تاپقان ماتېرىياللىرىمنىڭ ھەممىۋاسىنى خاتىرىلەپ ماڭدىم. چۈنكى

بىر مۇنچە خەرىتىدە كان بايلىقلىرى، چوڭ زاۋۇت، كان - كارخانىلار، سودا پورتلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، تۆمۈر يوللار، تاشيوللار ۋە دېڭىز يوللىرىغۇ ئەسلى كۆرسىتىلگەن ئىدى. بىزنىڭ جۇغراپىيە كىتاۋىمىز يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، مەن يۇقىرى سىنىپنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆزەم قىزىققان ماتېرىياللارنى ھېچبىر كۆچمەي‌لا تېپىۋالالايتتىم. بىراق بۇ، ئىزلىنىش روھىنى بوغىدىغان ئىش ئىدى. ۋاھالەنكى مەن خەرىتە ۋە گىلوبۇسنى بويلاپ ساياھەت قىلغانغا ئوخشاش، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، ياپونىيە، جۇڭگو، ھىندىستاندىن تارتىپ، تاكى ئوكيانىيىدىكى بەزى كىچىك دولەت ۋە ئاراللارنى تېپىپ چىقاتتىم.

مېنىڭ جۇغراپىيىگە قىزىقىپ قالغانلىقىمنى سوزلىشىمدىكى سەۋەپ شۇكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ قەلبىگە كىرىدىغان يول ياسىماقچى بولغان ئىدىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ستېپنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى ئوقۇمىغان بولسامۇ، شۇ چاغدىكى ئەقلىم بىلەن، ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، سېنى قەلبىگىدىكى كىشى دائىم ئەسلەيدىغان بولۇشى كېرەك دىگەننى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. ۋاھالەنكى جۇغراپىيە ماڭا بۇ پۇرسەتنى بېرەتتى. مېنىڭ ئارتۇقچە ئارزۇ - ئارمىنىممۇ يوق ئىدى. پەقەت مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى، بىر بىلىشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما يېتەلمەيدىغان تۇرمۇشىدا، 4 - يىللىق 3 - سىنىپتا مۇنداق بىر بالىنىڭ بارلىغىنى ئەسلەپ، شات - خوراملىققا تولغان ۋە ھەممىنى ئونتۇتقان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ قەلبىنى خىرە - شىرە بىر ھەسرەتنىڭ تىلغىشىنى ئۈمىت قىلاتتىم.

مەيلى ئوقۇشتىكى ئەلا نەتىجە بولسۇن — ئۇنىڭ قارىشىچە ھەممەيلەن ئوبدان ئوقۇشى كېرەك ئىدى — مەيلى تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجە بولسۇن ياكى باشقا مۇئەللىملەرنى جەلپ قىلىدىغان "توھپە" لەر، يەنى نۇرغۇن كۈن دەرسكە كەلمەسلىك، قاتتىق سوقۇ-

شۇش، دەرسخاندا تاماكا چېكىشلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ما-
رىيە ۋىلادىمىروۋناغا تەسىر قىلمايتتى. بۇ خىل ھادىسىلەرگە ئۇ ھەيرانمۇ
قالمايتتى، ھەم بۇنىڭغا چېچىلىپ، قايناپمۇ كەتمەيتتى. باشقا خىز-
مەتداشلىرىغا ئوخشاش جىنايەتكارنىڭ چىگىش، مۇرەككەپ ئىچكى
دۇنياسى ئۈستىدە ئىزلىنىپمۇ يۈرمەيتتى، پەقەت قېيىن دەرىخنىڭ
شىرنىسى رەڭگىدىكى كوزلىرىنى يىرگىنىش ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن
قىسىپلا قوياتتى، خالاس.

مارىيە ۋىلادىمىروۋناغا بوشاپ قېلىش، دىققىتى چېچىلىپ
كېتىشلەرمۇ تەسىر قىلىپ كەتمەيتتى، ئەمما، بۇنداق كەيپىيات يۇم-
شاق كوڭۈل ئانىنا دىمىترىيېۋنانى ئالاقىزادە قىلىۋېتەتتى، ئۇ، بۇ
غەمكىن بالىنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ؟ دەپ تىتىل-
اپ كېتەتتى. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ھايا-
تىغا قىزىقمايتتى، شۇنىڭدەك، ئائىلە باشلىقلىرى بىلەنمۇ قانداقتۇ
ۋەھنى قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدىكى چوڭ قائىدىلەرنى سوزلىشىشنى
ياقتۇرمايتتى. ئۇزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئائىلىۋى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا
ئۇزى يول قويمايتتى ھەمدە ئۇزى ئەڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان-
دىمۇ ئائىلە باشلىقلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلمايتتى. شۇنداق
قىلىپ بارلىق سىنىپلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققان، ھەممىلا يەر-
دىن ھەيدەلگەن، پالۋان ۋە لۇكچەك ئاكاۋنوۋنى ئاقىۋەت مارىيە ۋى-
لادىمىروۋنا قۇتقۇزۇۋالدى ۋە بوي ئەگدۇردى. ئۇ بىرنى ئاكاۋ-
نوۋنى سىنىپ باشلىغى سايلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، نەتىجىدە بىر
چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقتى: ئاكاۋنوۋ كوپچىلىكنىڭ ئىشەن-
چىسىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، قاراڭغۇ ئوتمۇشىدىن ئۇزۇل-كې-
سىل قول ئۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن سىنىپتا قات-
تىق تەرتىپ ئورناتتى، سىنىپ پاكىز تازىلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.
چۈنكى سەمىمى ۋە قوپال ئاكاۋنوۋ خەقلەرنى تاياق بىلەن بوي-
سۇندۇرىدىغان "ھوكۇمران" ئىدى.

ئۇ يەنە ئۆگىنىشتە بەكمۇ ناچار بولغان يۈرىنانىمۇ ئوبدان ئۆگىنىدىغان قىلدى. يۈرىنا پاكار، ۋىجىك، ئاچچىقى يامان ۋە بەختسىز قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى بەئەينى دوزاقنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاتىسى بىلەن ئانىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك تىللىشاتتى، سوقۇشاتتى. ئاجرىشىدىغان يەرگە يېتىشەتتى. بىر قېتىمقى قەرەللىك مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش سايلىمىدا سايلانغانلار قاتارىدا ئۇنىڭمۇ ئىسمى چىقتى. باھادا "ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئىلھام بېرىش كېرەك" دەپ يېزىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، يۈرىنانىڭ تۇرمۇشى ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك نۇر بىلەن يورۇپ كەتتى. ھازىر ئاتا-ئانىسى قورال بىلەن ئېتىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يۈرىنا داۋاملىق دەرسكە كېلىۋېرەتتى، ئائىلىسى بىر قانچە قېتىم ۋەيران بولۇپ، بىر قانچە قېتىم ئەسلىگە كەلگەندىمۇ، ئۇ ئوقۇشنى ئوقۇۋەردى. تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ئۇ قىز دوستلىرى بىلەن ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ ھاجەتخانىغا بېرىپ غەيۋەت قىلمايتتى، گەپ توشۇشنىمۇ ياقتۇرمايتتى، ئۇنىڭ ئىشى ئۆگىنىشلا بولۇپ، تەقدىرلىگەننى يەردە قويماسلىق مەقسىدى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر تىيىن ئىدى.

مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق داغدۇغا قىلماي، جىم-جىملا ئورۇنلايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تەرتىپ-ئىنتىزام ئىدى.

تەمكىنلىك ۋە ئىشەنچ قالقىنى بىلەن قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن بۇ قەلبنى ۋەسۋەسگە سېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

ئاخىرى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا جۇغراپىيە دەرسىنى ئوتۇشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ بىرگە رەختكە سىزىلغان ياۋروپا خەرىتىسىنى چۈشەندۈردى. بۇ يەردىكى دۆلەتلەر ۋە ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ بەردى. مەن يېنىمدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان "پەنجە" لەقەملىك دوترەك خام سېمىز بالىغا پىچىرلىدىم:

— ھەي، ئۇنىڭدىن ئاندورانىڭ قەيەردىلىگىنى سوراپ باققىنا؟
"پەنجە" ماڭا تازا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۇشۇپ قالماي
يەنە، دىگەندەك لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.
— شۇنداق دىگەن دولەت بارمۇ؟
— بار، راست بار!
— ئۇنداق بولسا نىمىشقا ئۇزەڭ سورىمايسەن؟
— مەن بىلىمەن، سوراپ نىمە قىلاتتىم؟
"پەنجە" گاڭگىراپ گەدىنىنى قاشلىدى.
— سورىمامسەن، ھاماقەت! ھوي، نىمە بولىدۇڭ، سورىغىنىڭ
كەلمەيۋاتامدۇ؟
"پەنجە" ئوبدان نىمە ئىدى. ئۇ قۇلىغىنچە قىزىرىپ ئور-
نىدىن تۇردى.
— مارىيە ۋىلادىمىروۋنا، مۇنداق بىر...
— ئاندورا، — مەن پىچىرلاپ دەپ بەردىم.
— ئاندورا دىگەن قەيەر؟
— ئاندورا؟— مارىيە ۋىلادىمىروۋنا نارازى بولۇپ ئۇنىڭدىن
سورىدى.
— فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە ئارىلىغىدىكى بىر كىچىك دو-
لەت!- دەپ ئۇنىڭلۇك جاۋاپ بەردىم مەن.
— سەندىن سورىمىدىمغۇ دەيمەن؟ - ئۇ شاپپىدە قىزاردى،-
مەن تېخى كىچىك دولەتلەرنى سوزلىمىدىم. ياۋروپادا بەزى بەكمۇ
كىچىك دولەتلەر بار. مەسىلەن، ليۇكسېمبۇرگ، موناكا ۋە ئاندورا.
— يەنە سان - مارىنو رېسپۇبلىكىسمۇ بار!- مەن ئوزەمنى
تۇتالماي توۋلۇۋەتتىم.
— توغرا، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستە تۇتۇۋېلىشنىڭ
ھاجىتى يوق،- دىدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ۋەھىمىگە چۇشۇشكە
باشلىغان سىنىپقا قاراپ.
— يەنە لىچتېنىشتائىن كىنەزلىگى بار،- دەپ ۋاقىرىدىم.

— قالايمىقان ۋاقىرىماي قول كوتىرىپ سوزلە، — دەپ مېنى توسدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا.

مەن شۇئان قولۇمنى كوتەردىم - دە، رۇخسەتنىمۇ كۇتمەستىن سوزلەپ كەتتىم.

— ۋاتىكانمۇ مۇستەقىل كىچىك دولەت!

شۇ چاغدا قوڭغۇراق چېلىندى.

ئەتىسى بىزنىڭ جۇغراپىيە دەرسىمىزدە ئامېرىكا قىتئەسى قىسمى ئوتتۇلدى. مەن يەنە "پەنجە" گە ئەقىل ئۇگىتىپ، ئۇنىڭغا هوندوراسنىڭ ئاساسلىق شەهەرلىرى قەيەردە ئىكەنلىگىنى سوراتقۇزدۇم.

— نىمە داۋاتىسەن؟ — دىدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئېنىق ئاڭلىيالمىغاندەك قىلىپ.

— هوندوراسنىڭ ئاساسلىق شەهەرلىرى قەيەردە؟ — دەپ تەكرارلىدى "پەنجە" ئەيمىنىۋىرەك.

— تېگۇسگالىپا، — دىدىم مەن ئىتتىكلا.

پۇتۇن سىنىپتىكىلەر هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا پۇتۇنلەي قىزىرىپ كەتتى. ئەمدى بەس! ئەمما مەن هاياجانلىنىپ ئۇزەمنى باسالماس دەرىجىسىگە يەتكەچكە، بۇ بەلگە بىلەنمۇ هىساپلىشىپ ئولتۇرمىدىم.

— ئۇنداق بولسا نىكاراگۇۋاچۇ؟ — مەن "پەنجە" گە پىچىرلىدىم.

روشەنكى "پەنجە" بۇنىڭ بىلەن كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا ناهايىتىمۇ تىرىشچان، بىلىمگە تەشنا ئۇقۇغۇچى بولۇپ كورۇنىدىغان بولغاچقا، ئۇ بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا نىكارا گۇۋاچۇ؟ — دىدى ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

— بۇنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟ — مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مەس

خىرە بىلەن سوغاق كۈلۈپ سورىدى، - قانداق، ئۇ يەرگە بېرىپ
كېلەي دەۋاتامسەن؟
بەزىلەر خۇشامەتكويلۇق بىلەن ئاستا كۈلۈشتى، ئەمما
”پەنجە“ ئۈشتۈمتۈت رەنجىپ غوتۇلدىدى:
— نېمە دەۋاتقىنىڭىز بۇ، پارىژغا بېرىش خىيالىمۇ يوق
تېخى.
— مانا گۇۋا! - دېدىم قەتئىي سۈرەتتە.
— نېمە؟ - مارىيە ۋىلادىمىروۋنا چۈشەنمىدى.
— نىكارا گۇۋانىڭ ئاساسلىق شەھىرى ماناگۇۋا!
— مەن سېنى راستىنلا قۇتلۇقلىسام بولغىدەك! - دېدى ئۇ
دانىمۇ - دانە قىلىپ.
مەن ئاقىۋەت چۈشەندىمكى، ئۇ جۇغراپىيىنىڭ ئىنچىكە يەر-
لىرىنى ھەقىقەتەن ئانچە ئوبدان بىلمەيدىكەن. ئۆزەمنىڭ ئۇنىڭدىن
ئۈستۈن تۇرىدىغانلىغىمنى بىلىپ، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا قارىتا
شۇنداق بىر مېھرىۋانلىق پەيدا بولدىكى، بۇ نەرسە مېنى قايمۇقتۇرۇپلا
كەتتى. ئۇ چاغدا شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتىكى، مارىيە ۋىلادىمىروۋنا
ئەمدى پات - پات، دۇنيادىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىلا ئەمەس،
بەلكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەھەرلەرنى ياخشى بىلىدىغان،
ئەقىل - پاراستى ئاجايىپ قالتىس بىر ئوغۇل بالىنى ئەسلەيدىغان
بولدۇ. بۇنىڭغا ئۇ تېزلا ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇ.
مەن ”پەنجە“ بولامدۇ، يېقىن ئاغىنەم مىكا كىلېنكوپ بولامدۇ
ياكى يېقىندا تۇتقان ئاغىنەم پاۋلىك بولامدۇ، ھەممىسىنىلا
مۇئەللىمدىن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى سوراشقا كۈشكۈرتتۈم. بۇلارنىڭ
ئىچىدە لىبېرىيىنىڭ كان بايلىقلىرى، تىرىستاندا كۇنغا تاقىم ئارال-
لىرىنىڭ ئورنى، يېڭى كالېدونىيادىكى ھايۋاناتلار، ئوتلۇق ئارال-
دىكى ئاھالىلار، فرانسىيەگە قاراشلىق گۋىيانانىڭ كىلىماتى، كۇبا-
نىڭ قاشقا يېقىن دېڭىز ئېقىملىرى... بار ئىدى. ھالبۇكى ھەر

قېتىمدىلا مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ يېنىدا ئىشەنچىلىك، سادىق ياردەمچى هازىر بولاتتى. قىيىنراق مەسىلىنى ئاڭلىغان هامان پۈتۈن سىنىپتىكىلەر خوشاللىق بىلەن مېنىڭ جاۋاپ بېرىشىمنى كۈتىدىغان بولۇپ كەتتى. كېيىن مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى مەڭگۈ يەردە قويمايدىغانلىقىمغا ئىشەنچ هاسىل قىلىشتى ـ دە، مېنىڭ كۈرسەتكەن ئېسىل نومۇرۇمدىن سۆۋۈپ كەتتى، هەتتا ئۇنىڭدىن جاق تويدى.

بىراق بۇ مېنى هېچقانچە ئەجەپلەندۈرمىدى. ئەكسىچە مېنى ئەجەپلەندۈرگىنى مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان پوزىتسىيىسى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ بىلىمىگە بولغان زوقلىنىشىنى قىلچە ئىپادە قىلمىدى. ناۋادا ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق ئاستا ـ ئاستا يوقالمىغاندا، مەن ئۇنى بەلكىم ۋاقىتلىق گاس بولۇپ قالدى، شۇڭا مەيلى ئۇنىڭدىن سورالغان سوئال ياكى مېنىڭ جاۋاۋىم بولسۇن، هېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، دېگەن قاراشقا كەلگەن بولاتتىم.

مەن باشتا بۇ خىل مېهىر ـ شەپقەتنىڭ هەقىقى مەنىسىنى سەبىلىكىم تۈپەيلى چۈشەنمىگەن بولسامۇ، هەر هالدا ئاقىۋەت تەقدىرلەندىم. بىزدە بىر قېتىم خېلى قىيىن هىساپ ئىمتىهانى بولدى. هىساپ مېنىڭ هەممىدىن بەك خوشۇم يوق دەرس ئىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن پۈتۈن سىنىپ بويىچە پەقەت مەنلا توغرا جاۋاپ بېرىپتىمەن. هەتتا مەن بىلەن بىر يىللىقتىكى ئېيلېر* بىلەن لوپچىۋىسكىمۇ سەتچىلىككە قاپتۇ. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا پۈتۈن سىنىپتىكىلەرگە، هەممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئابرويى تۆكۈلگەن نەتىجىنى ۋە مېنىڭ شانلىق غەلىبەمنى جاكالىدى. ئەپسۇسكى مەن ئۆزۈنىچە كېرىلەلمىدىم. ئۇ تۇگۈلۈق بىلەن، مۇشۇ قېتىمقى ئىمتىهاندىن باشلاپ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى مەينەت قىلىۋەتكەنلەرنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى

* ئىككىسىلا دۇنياغا مەشهۇر كاتتا ماتېماتىكا ئالىملىرى.

ئۇقتۇردى ھەمدە سىنىپتىكىلەرگە سىيا توكۇلۇپ، مەينەت بولۇپ كەتكەن بىر تاپشۇرۇق دەپتەرنى كورسەتتى. گەپ يوق، يىراقتىنلا بىر قاراپ ئۇنىڭ مېنىڭ دەپتىرىم ئىكەنلىگىنى تونۇدۇم. ئاخىرىدا ئۇ، مەن سىلەرگە بەكمۇ رەسۋا قىلىۋېتىلگەن دەپتەرنى كورسەتتىم، بۇ ئوقۇغۇچى گەرچە سىنىپ بويىچە ئېمتىھاندا توغرا جاۋاپ بەرگەن بىردىن - بىر ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئىشى ئۇچۇن ئۇنىڭغا پەقەت "نول" قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، - دېدى.

شۇ ئان سىنىپتا بىر پەس بوش گۇڭۇرلاش پەيدا بولدى. مارىيە ۋلادىمىروۋنانىڭ بۇ خىل يالغاندىن ماختاپ، راستىن يەرگە ئۇرۇش چارىسى ئوقۇغۇچىلاردا تۇنجى قېتىم، ئۇ رەھىمسىز ۋە ئادالەتسىزكەن، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلدى.

— ئاچچىغىڭنى ئىچىڭگە يۇتىۋەت، — دەپ نەسىھەت قىلدى مىكا.

— نىمىشقا؟

— شۇنداق قىلساڭ يىغلاپ تاشلىمايسەن.

— يىغلاشنى خىيالىمغا كەلتۇرمىدىم تېخى، — شۇ گەپنى دەپ تۇرۇشۇمغا، ماڭا قاتتىق يىغا ئولاشتى.

مەن مەكتەپتە پەقەت يىغلاپ باقمىغان ئىدىم. ئەمما مارىيە ۋلادىمىروۋنانىڭ بۇ قىلىغى راستىن كوڭلۇمگە بەك تەگدى. ئۇ مېنىڭ جۇغراپىيىدىكى نەتىجىلىرىم ۋە ئۇنى دەپ قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلامدۇ! كوڭلۇمنىڭ يېرىم بولۇشى ھەرگىز نومۇر ئۇچۇن ئەمەس، چۈنكى مەن نول ئالساممۇ پەرۋايىم پەلەك ئىدى. بېنى ئازاپلىغىنى ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىگى ئىدى. ئۇ، ئادەمنى تىت - تىت قىلىۋېتىدىغان سىناققا شۇنداق بىر ئادەمنى تاللىغان ئىدىكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئوزىلا چۈشىنىدىغان، باشقىلار چۈشەنمەيدىغان تىل بىلەن ئۇنىڭغا مەن سىزنى ياخشى كورىمەن! دەپ ئېيىتقان، تېگۇسىگالپا، ماناگوۋا، كەيىون، لىمالار، قەلەي ۋە

ئېكىلىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى، پورتلارنىڭ سىغىمچانلىقى، سولۇمون ئارىلىدىكى ئاھالىلارنىڭ زىچلىقى دىگەنلەرنىڭ بارلىقى ئاساسىي مەقسەتنىڭ ئۆزگەرگەن ئاھاڭى، يەنى پاخشى كورۇشىنىڭ ئىزھار قىلىنىشى ئىدى.

— مارىيە ۋىلادىمىروۋنا سىنى ئاجايىپ ئەتىۋالاۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى پاۋلىك ماڭا.

بۇ چاغدا مەن قورۇپ كەتكەن ھەمدە يوتۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان گېلىمنى ھوللەش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتىم.

— نىمىشقا؟ — دىدىم مەن زورۇقۇپقىنا.

— باشقا بىرسى بولىدىغان بولسا، ئېتىلىپ يىغلىۋەتكەن بولاتتى، — دەپ ئىزاھ بەردى پاۋلىك.

شۇئان بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ كارامىتى ئاشكارا بولدى. ئەسلى مەن مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ ناھايىتى زور ئىشەنچ باغلىشى بىلەن ئۇنىڭغا "سىناق قىلىدىغان ئوي توشقىنى" بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان ئىكەنمەن! ئۇ مېنىڭ بىر قولۇمنى كېسىپ، ئۇنى دۇمبەمگە ئۇلاپ قويۇپتۇ. مەن جىمىسكى تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۇنى يېڭى ئورنىدا ئۆگۈشلۈق ئوسۇدىغان قىلىشىم زورۇرمىش. شۇندىلا كوپچىلىك مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا خاتالاشمايدىغانلىقىنى كورۇۋالارمىش. بۇ مېنى پاسسىپ ھالدا سىناقنى كۆتىدىغان ئادەتتىكى ئوي توشقىنىغا قارىغاندا، ناھايىتىمۇ يۇقۇرى قىممەتكە ئىگە قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئەمدى ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا ھاجەت قالمىغان ئىدى. مەن كارامەت خۇرسەن بولدۇم — يۇ، چىرايىمغا چىقارمىدىم. كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا خۇرسەن بولغانلىقىمنى بىلدۇرمەسلىگىم كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا مۇئەللىمىنىڭ قىلىقىغا ھەيبارلىق، مەككارلىق تۇس كىرىپ قالاتتى — دە، مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مېنى ھېچنىمىنى سەزمەيدىغان ھايۋان، دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۆز رولۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدىم. مۇئەللىمنىڭ قولىدىن ھاقارەتلەنگەن تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى ئالغان ۋاقتىمدا، مەندەك ئائىلە توشقىنىنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەر قاچان تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلىق تەبەسسۇم قىلدىم، ئار-قىدىنلا ساۋاقداشلارغا مائارىپچىنىڭ ئوتكۇر ئوقياسى يۈرۈكۈمنى قانچىلىك چوڭقۇر جاراھەتلەندۈرگەنلىكىنى كورسىتىش مەخسىدىدە «ھ»مەن، ئازار يىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

ئۇزۇنغا قالماي پاۋلىكنىڭ مۇئەللىم مېنى تاللىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى قىياسى توغرا بولۇپ چىقتى. مەن يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندىم، مۇئەللىم خەتنى پەقەت ئاڭلاپ يازغان ياكى دەرستىن كېيىنكى تاپشۇرۇق ئىشلىگەن چاغلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئىنژېنېر تۇردە توغرا يېزىش لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. مەن ھساپ تاپشۇرۇقتا "ئۇزۇنلۇغى" دىگەن سوزنى "ئۇزۇنى" دەپ يېزىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، نومۇرۇم تارتىلدى. قارىغاندا مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مېنىڭ چىداملىقلىقىمنى ھەددىدىن ئارتۇقراق مولچەرلىگەندەك ئىدى. ئەمما ئوگلۇق پاۋلىك يەنە، غەرەز ئۇقۇدىغان، يوۋاش ئوقۇغۇچىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق بېرىلگەن قاتتىق تەنبىھنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ، - دىدى. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا بولسا، يوشۇرۇن مايىللىقى تۇپەيلى، مېنى تاللىۋالغان ئىدى...

بىز بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپ، ھەر يىلقى كوكلەم باھارنى سەھرا سەيلىسى قىلىش بىلەن كۇتۇۋالاتتۇق. مارىيە ۋىلادىمىروۋنا بىزنى ئىرالىبۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ سىرتلارغا ئەپچىقاتتى. پىترووۋسكى باغچىسى، ئوستاندىنو، گىردىزۋولارغا ئاپىراتتى. يېشىمىز چوڭايغانچە، يىراقلارغا باراتتۇق. تونىنچى يىلى باھار كېلىپ گۇل - چىچەكلەر ئېچىلغان چاغدا بىز ئىزمايلوۋقا بارماقچى بولدۇق. بىز ئاران يېرىمى توشقان ئىرالىبۇستا قېقىلىپ - سىلكىنىپ توپ - توغرا

بىر سائەت ماڭدۇق. ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بويىچە، مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ قېشىدىكى ئورۇن كوپچىلىك ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئورۇن بولۇپ، ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر دەمدىن ئولتۇرۇپ، سۆيۈملۈك مۇئەللىمى بىلەن ئاز - تولا پاراڭلىشاتتى - دە، ئاندىن باشقىلارغا بوشىتىپ بېرەتتى. بۇ قائىدە بېكىتىلمىگىنى بىلەن كوپچىلىك ئۇنى گويا مەقسەتسىزلا قىلغاندەك جىم - جىملا ئورۇنلايتتى. مارىيە ۋىلادىمىروۋنامۇ يېنىدىكى ئالمىشىشلاردىن ئەجەپلىنىپ كەتمەيتتى.

ئاخىر نوۋەت ماڭا كەلدى، ئىرا بوكىنا بىلەن بىرگە كەلدى. قىزلار مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ قېشىدا تەبىي ۋە يېقىنلىق بىلەن ئولتۇرۇۋېلىشقا ئۇستا كېلىدۇ. ئىككىمىز كېلىپلا ئورۇندۇقتا لوك-كىدە ئولتۇردۇق.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ يەر ئەجەپ پەيزىكەن! - دەپ توۋلىۋەتتى ئىرا بوكىنا، — بۇ دەرېزىلەرنى ئاچقىلى بولىدۇغۇ!

— ئاچماڭ، — دېدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا، — ھاۋا سوغاق، شامالداپ قالىسىز.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولسا ئاچمايلى! — دېدى ئىرا تەئەججۇپلىنىپ، — مەن شۇڭلاشقا زۇكامدىن قۇتۇلالمايدىكەنمەن - دە.

مەن دوختۇرنىڭ نەۋرىسى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇش مەجبۇرىيىتىم بارغۇ، دېگەن ئوي بىلەن:

— ھازىر زۇكام دەيدىغان بولدى، بۇرۇن "تومۇقاش" دەيتتى، — دېدىم.

— ئاتىڭىز بىلەن ئاپىڭىز موسكۋادىمۇ ياكى ئويۇن قويغىلى سىرتلارغا چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئىرادىن.

— ئويۇن قويغىلى سىرتلارغا چىقىپ كەتتى، ياز بويى ئۇلار ئويدە بولمايدۇ.

— جىمىكى شەيئىلەر ئوزگىرىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن، — بۇرۇن "سىل" دەيدىغان كېسەلنى ھازىر "تۇبېركۇليوز" دەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇلار قايسى ئويۇنلارنى قويغىلى كەتتى؟ — دېدى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا يەنىلا بوكىناغا.
— كارتىنگەننىڭ كومېدىيىسى بىلەن «ئېيىق»نى.
— كېزى كەلگەندە ئېيتىپ قويايكى، "ئوپكە يالىلۇغى" مۇ...
— باشقىراق گەپنى قىلسىڭىز قانداق! — مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مېنى ئاگاھلاندۇردى.
ئىرا بوكىنا كۈلۈۋەتتى. مۇئەللىمىنىڭ مېنى ئاگاھلاندۇرغاندىكى توۋلۇغى مېنى ناھايىتىمۇ چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ تەنە گەپنىڭ مەنىسىنى پاۋلىكنىڭ چۈشەندۇرۇشى بويىچە ئىزاھلاشقا قانچە ئۇرۇنسامۇ، نەتىجىسىز بولدى. مەن ئۇيالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى، لەككىدە بولدۇم، ئەمما قىلىدىغانغا باشقا گەپ تاپالماي، ئوسال ئەھۋالدا ئورنۇمنى مىكاگىربىكوۋغا بوشىتىپ بەردىم.
مېنىڭ نەم، شاماللىق ئىزمايلوۋ باغچىسىدىن ئېلىپ كەلگىنىم، مارىيە ۋىلادىمىروۋناغا بەكمۇ ئېيتىپ بەرگۈم كەلگىنى، ئوپكە يالىلۇغى — زۇكام خاراكتىرلىق ئوپكە يالىلۇغى بولدى.
مەن توپ - توغرا بىر ھەپتە ئېسىمنى بىلمەي ياتتىم. گىرا-دۇستىنكى سىماپ 39 دىن چۈشمىدى. ھېچقانداق دورا كار قىلمىدى. قارىماققا ھالىم خاراپلىشىپ گورگە يېقىنلاپ كېتىۋاتاتتىم. ئاغرىق ئازاۋىدىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئوزەم ئۇقمايتتىم، تىنماي جويلۇيتتىم، غايەت يوغان قاپقارا تاش بېشىمغا گۇلدۇرلەپ چۈشۈپ كېلەتتى، مەن جېنىمنىڭ بېرىچە "تاش!... تاش!... تاش-لارنى ئېلىۋېتىڭلار!" - دەپ ۋاقىرايتتىم. تاشلار بىر چەتكە چۈشكەندە بولسا، غەلىتە قىياپەتتىكى ئۇستىخانسىز ئاۋاق كوچۇكلەر تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ كەلدى: ئۇ نەسلەرنىڭ ناھايىتىمۇ ئاستا ھەركەتلىنىۋاتقان ئەمما بارغانچە يوغىناۋاتقان تېنىگە تېگىسىپ كەتسەملا، قورقىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتەتتى. "كوچۇكلەر! ئۇلارنى قوغلىۋېتىڭلار" - دەپ ئىڭ-رايتتىم.

مانا شۇ تەرىقىدە مېنى ھىلى قاتتىق، ھىلى يۇمشاق ئىملەر نو-ۋەت بىلەن بوغۇشقا باشلىدى. كېيىن تاشلار بىر تەرەپكە چۈشتى. كۈچۈكلەرمۇ كېتىشتى. مەن ئازادە، يورۇق ئۆيدە ھۇشۇمغا كېلىپ، ئۇنتۇپلا كەتكەن ئاتا - ئانامنى خوشاللىق بىلەن تونۇدۇم. ئەت-راپتىكى ھەممە نەرسە: تامدىكى قەغەزلەر، ئۆي جاھازلىرى، قۇياشنىڭ پولغا چۈشكەن شولىسى، بولۇپمۇ شاخ شەكلىدىكى ئاسما چىراق ئېسىلغان ئېگىز، ئاپپاق تاختايلىق تورۇس، دەرىزە-نىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىلەر — ئاسمان، قىزىل رەڭلىك ئۆگزىلەر، پېشايۋاندىكى ئالا قاغا... مېنى ئاجايىپ خوشال قىلىۋەتتى. ئەمما ناھايىتىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمدىن، سىرتتىكى دۇنيا ماڭا ئۇن-چىۋالا يېقىملىق تۇيۇلمىدى. ئاددىسى يېزىق ئۈستىلى، كرىسلو، داس، ئىتاژېركا...لارنى كورۇپ تۇراتتىم - يۇ، قولۇم يەتمەيتتى.

بۇ مەزگىللەردە مەن تورۇس بىلەن ئاغىنە بولدۇم. مەن كوپرەك ۋاقىت ئۇڭدا ياتقاچقا، كورىدىغىنىم سىلىق، ئاپپاق تو-رۇس، ئومۇچۇك يۇپقا تور سالغان بۇلۇڭ ئىدى. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۇلدەك يۇمۇلاق دومبەلچەك بولۇپ، ئۇ يەردىن مىس ئۇقلۇق، شاخ شەكىللىك پانۇس چىراق پەسكە ساڭگىلىغان ئىدى. ئۇزۇن ئۇتمەي مەن تورۇسنى، توۋەندىن ئەمەس، بەلكى يۇقۇرى-دىن توۋەنگە قاراپ كورۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. تورۇس گويا ئاستىمدا، ناھايىتى چوڭقۇر يەردە تۇرغاندەك، ئۇنىڭدا تىك تۇرغان چىراقنى سىرىلىپ تورۇسقا چۈشۈپ، ئۇ يەردە ياشايدى-غاندەك، پول بىلەن ئۆي جاھازلىرى ئۈستۈمگە چىقىۋالىدىغاندەكلا كورۇنەتتى. تورۇستا ياشاشتەك بۇ ئۆي - پىكىر ئىمىشقا قەلبىمنى بەختىيارلىققا چومدۇرگەنلىكىنى ئۇزەممۇ ئۇقمايتتىم.

تۇتىنچى يىللىق ئۇچىنچى سىنىپنى تۈگىتىش مۇراسىمغا قاتنىشالمىدىم. بىراق ئۇمۇمى نومۇرۇمغا ئاساسەن ماڭا تەقدىرنامە بېرىشىپتۇ، تەقدىرنامىنى ئاتا - ئانىلار يىغىنىدا ئاپامغا بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا مارىيە ۋىلادىمىروۋنا...، — دەپ سورىدىم زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلاپ، — ئۇ قانداقراق؟...

— ۋايىيەي. ئاچقۇچى يۇتۇپ كەتكەن بىخەتەرلىك ساندۇغى- دەكلا تۇرۇپتۇ، — دېدى ئاپام ئىنتىكلا. ئەمما بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتىمۇ مەيۇسلەنگەنلىكىمنى ئۇچۇن، دەررۇ جىددى تۇس بىلەن، — ئۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى، يەنە سېنى يوقلاپ كېلىش- دىغانلىقىنى ئېيتتى.......، — دېدى.

— قاچانلىققا؟

— جۇمە كۇنى.

— بۇگۇن كۇنگە نىمە؟

— چارشەنبە...... نىمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ نىمانچە ئاقىرىپ كەتتى؟ — دەپ ئانام ھودۇقۇپ كەتتى.

— ھەممە خەرىتىنى تامغا ئېسىپ قويغىن، — دېدىم مەن.

خەرىتىلەرنى مەن ئاغرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى چۇسلارغا راھەت بوشۇك بولۇپ بەردى، دەپ ئېلىۋېتىشكەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ جۇغراپ- يىگە بولغان ھەۋىسىم تۇگىگەنلىكتىن، مەنمۇ ئېتىراز بىلدۇرمىگەن ئىدىم. بىرلا ھىلىقى ھايۋاناتلارنىڭ رايونلارغا بولۇنۇش خەرىتىسىنى ئېلىۋەت- كۇم كەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئويدىكى چۇسلارنىڭ ھەننىۋاسىنى ئۇزىگە چىللىۋالغاچقا، نائىلاج ئېلىۋەتكەن ئىدىم.

— نىمىشقا، — دەپ سورىدى ئاپام، — مارىيە ۋىلادىمىروۋنا خەرىتىگە شۇنچە ئامراقمۇ؟

— قارا، ..... مۇشۇمۇ تام بولدىمۇ! داغ، مەينەت چۇسنىڭ قانلىرى.

— توغرا، تۇزەشتۇرسەك بولغىدەك ...... سەن ساقايغاندا......

بۇنىڭ كېسىلىم بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ مەن ساقايغان- دا بەلكىم ...... جۇمەگىچە قىلىڭلار!

— ماقۇل. ماقۇل!...... ئېسىش زورۇر بولىدىغان بولسىلا ئا-

سايلى. ئۇنچە ھاياجانلانىما!

ناھايەت تامدىكى ئوڭۇپ كەتكەن قەغەزلەر رەڭمۇ - رەڭ خەرىتە بىلەن يېپىۋېتىلگەندە، ئاندىن كوڭلۇم جايىغا چۈشتى.

تاملارنى تۈزەشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قارىسام، مەن ياتقان ئۆيدە چاتاق جىق ئىكەن. ۋولتوپىچە ئورۇندۇقنى ئەپچىقىۋەتمىسە بولمىغۇدەك، گەرچە ئۇ ناھايىتى داغلىق ئورۇندۇق بولسىمۇ، ھەممىشە پۇتى چىقىپ كېتىدىغان، قاسماق بېسىپ كەتكەن كېرەكسىز بىر نىمە بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرى ئۇنى ئەپچىقتۇرۇۋەتمەي قويۇۋەرگىنىمنى چۈشەنمەيلا قالدىم. ئاندىن كېيىن ئانامغا كۆن نۇرى ئوبدان چۈشمەيدىغان يەنە بىر ئۆيدىكى رەڭلىك يىپەك رەخت بىلەن قاپلانغان ئۈستەل چىرىغىنى ئەپچىقتۇرۇپ، يېزىق ئۈستىلىگە قويغۇزۇپ، ئۆزەمنىڭ ساپال قالپىغى يېرىلىپ كەتكەن ئۈستەل چىرىغىنى ئالغۇزۇۋەتتىم. كارۋىتىمنىڭ يېنىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى دورىلارنى ئېلىۋېتىشكە، تەشتەكنى كارۋاتنىڭ ئاستىغا ئىچكىرىرەك تىقىۋېتىشكە توغرا كەلدى. مەن يەنە تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە بولكىخاس ناھايىتىمۇ چىرايلىق، نەپىس قىلىپ نەشر قىلدۇرغان شېكسپىر دىرامىمىلىرى توپلىمىدىن بىرنى، «ئوۋ خاتىرىلىرى»نى، بىر پارچە ئېنگىلىز تىلى دەرسلىگىنى قويۇپ قويدۇم. مەن يەنە، ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن پوچتا ماركىلىرىنى توپلىغان ئالبۇمنى، ئامباردىن كېپىنەك ئەۋرىشكىلىرىنى ئەپكېلىپ بېرىڭلار، لازىم بولۇپ قالدۇ، قولۇمدا تۇرسۇن، دەپ جېكىلىدىم. ھايال ئۆتمەي ئۆگزىگە كەپتەرۋاز باللارنىڭ چىقىۋالغانلىغىنى سەزدىم. ئۇلار چۇقان سالاتتى، ئىسقىرتاتتى، پىشايۋانغا كېلىۋېلىپ پەسكە قاراپ سىيەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن باھارنىڭ كېلىشى بىلەن ئېلىۋېتىلگەن دەرىزە پەردىلىرىنى تارتقۇزدۇم.

كېسەل بولغاننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق پايدىسى بولىدىكەن، ئادەتتە ئاپامنى ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارغا ئاۋارە قىلىشقا پېتىنالمايتتىم.

چۈنكى ئاپام ۋەلسىپىت سېتىۋېلىش، كونا كىتاپلارنى ساتىدىغان كىتاپپۇرۇشتىن بىر نىمىلەر قىلىپ «ئاگىسفىر»نى قولغا چۈشۈرۈشكە ئوخشىغان كۆچ، ئەقىل-پاراسەت ۋە پەم، ئەپچىللىك بىلەن قىلىنىدىغان چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. خەۋەلەرنىڭ تۈتامى يوق پارچە-پۇرات ئىشلىرىنى دەپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشنى پەقەت ياقتۇرمايتتى. كېيىنىش، تاماق يېيىش ۋە ئويناشقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ئىشنىڭ ھېچبىرىنى ئۇنىڭغا دەپ يۈرمەيتتىم. نىمە يەپ-نىمە كېيىدىغىنىم، نىمە ئوقۇيدىغانلىقىم، يازلىق تەتىلنى نەلەردە ئۆتكۈزىدىغانلىقىم دىگەندەكلەرنى ئاپام ئۆزى ئورۇنلاشتۇراتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ تەنتەربىيىگە، تېخنىكىغا، كىتاپلارغا بولغان قىزىقىشىم بىلەن تەسىر قىلالاتتىم، لېكىن تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردا ئۇنى-بۇنى قىلىپ بەر دىيىشكە پېتىنالمايتتىم.

ئەمما ھازىر مەن يۈرىكىمنى چوڭ قىلىپ، ئاپام بىلەن مارىيە ۋىلادىمىروۋنانى نىمە بىلەن مېھمان قىلىش ئۈستىدە سوزلەشتىم.

— بىز ئۇنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرساق بولامدىكىن، — دىدى ئاپام.

— ئۇ سائەت قانچىدە كەلمەكچى؟

— ئۇنى دېيىشۋالمىدۇق، بىراق مېنىڭچە، ئۇ دەرستىن چۈشۈپلا كېلىدۇ.

— بۇ مەۋسۇمنىڭ دەرسلىرى تۈگىگەنتىغۇ؟!

— سىلەرنىڭ تۈگىدى، — دىدى ئاپام تۇتۇلۇپراق، — مۇئەللىملەرنىڭ ئىشى بار-دە.

— ئۇ راستىن بارىمەن دىگەنمىدى؟ — دەپ سورىدىم. توساتتىن، مەندە، بۇنى ئاپام ئىچىدىن توقۇپ چىقارغاندىمۇ، دىگەن ۋەھىمە پەيدا بولدى.

— نىمە بولدۇڭ، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

— سىلەر نىمە دىيىشتىڭلار؟

— ئاددىلا ..... سىنىڭ گىپىڭنى قىلىشتۇق، ئۇ، مالال كەل-
مەيدىغان بولسا جۇمە كۇنى ئۇنى يوقلاپ بارىمەن، ـ دىدى.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭغا مالال كەلمەيدىغانلىغىنى ئېيت-
تىڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە! سەنمۇزە ئاجايىپ جۇمۇ!

— چۇشتە قانداق سەي يەيمىز؟

— چۇشتە كوك بېلىق بىلەن ياڭيۇدا سەي قورساق بو-
لارمىكىن ...

— شورپىچۇ؟

— چىلىغان خاڭگا بىلەن گۇش شورپىسى ئىچكىڭ بارمۇ؟
گوش نانمۇ قىلىمەن.

— يەنە بىر سەيچۇ؟

— گۇشنان بولغاندىكىن، يەنە سەي قىلىپ نىمە قىلىمىز؟...
بوپتۇ، خوشاك ياكى كاتلىت قىلايلى.

— ئەڭ ياخشىسى كاتلىت بولسۇن. مۇراببامۇ بولسۇن، بو-
لامدۇ؟

— ئۇ بالدۇرراق كېلىپ قالسىچۇ؟ — دىدىم مەن بىر دەمدىن
كېيىن.

— ئاۋال چاي قويىمىز، ئاندىن تاماق قىلىمىز.

— ئۇ كەچكىرەك كېلىپ قالسىچۇ؟

— ئۇنى كەچلىك تاماققا تۇتۇۋالىمىز، ۋىلنىيا بىرئاز سۇر-
لىگەن بېلىق تېپىپ كەپتىكەن.

— ئۇنىڭغا تاتلىق گىلاسلىرىمنى قوشايلى، بەربىر ئۇنىڭ
بىلەن خوشام يوق.

— مۇۋە - چىۋە يېمىسىمۇ بولمايدۇ .... يەنە ئازراق مۇۋە ئە-
كېلەيلى.

— ئاپا، — دېدىم، مەن — سەن ھېلىقى كۆلرەڭ كوينىكىڭنى كىيىۋالغىن، بولامدۇ؟

ئاپام سەل تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ماڭا تىكىلدى.

— خالايدىغان بولساڭ، كىيسەم كىيەي.

— ئەمدى ياخشى بولدى.

ئارقىدىن مەن ئۇخلاپ قالدىم.

مەن قاتتىق ئاغرىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەممە ئىشنى كۆڭۈلۈمدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرالىدىم. ۋاھالەنكى، ھېلىقى قۇتلۇق بولمىغان جۈمە كۈنى ئاپامنىڭ قوسىغى شۇنچىلىك كۆپتىكى، ئۇنى سىرتقا چىقارمىغانلىقىمنىڭ ئۆزىلا بىر موجىزە ئىدى. مەن ھەممەيلەننى تېخىچە پىلاۋەتتىم: يوتقىنىمنى ئاتامنىڭ چاقماق گۈللۈك يۇڭ ئەدىيالىغا ئالماشتۇرۇشنى، بېشىمغا بىر جۈپ پاكىز قاپ كىيگۈزۈلگەن ياستۇق قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىشتىن سىرتقى لاك سۈركىگۈچى ئىشچى مېتىرچىنى چاقىرتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا پوللارنى سۈرتكۈزۈپ پاقىرتتۇەتتىم. ۋېلىياغا ئۇزۇن ساپلىق چوتكا بىلەن تورۇس ۋە پانۇسلاردىكى ئومۇچۇك تورلىرىنى تازىلاتتىم. يالقاۋ ئىتىم جېكنىڭ قاتتىق تىركەشكىنىگە قارىماي يۇيۇندۇردۇم، تۈكلىرىنى تاراتتىم. ئۇنىڭ شالاڭ تۈكلىرى ئاستىدىكى ئاق، قارا، قىزىل تېرىسى ئېنىق كۆزگە چۈشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازار يېگەن ۋە بېسىمغا ئۇچرىغاندەك خامۇش بولۇپ بىر بۇلۇڭغا كىرىدى ـ دە، يۈزىنى ئالدى پۇتلىرىغا قويۇپ — ئاتام زاماندىن بۇيانقى ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان قىياپەتتە — يېتىۋالدى.

چۈشكە يېقىن ئاپامنىڭ دوستى رايەچكا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپ ـ قارا كۆزلىرىدىن يالقاۋلىق، ئىرەڭسىزلىك، يېڭىلتەكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئورۇۋالغان موخۇركىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ھەممە يەرگە تاماكا كۈلىنى چۈشۈرۈۋېرەتتى. ئۇ

تۇرۇپ - تۇرۇپلا بېسىق، ئۇزاق ئەمما مەنىلىك كۈلۈپ كېتەتتى، ئۇ ئاپامنى كىسنىيە دەيتتى. ئاغزىدىن ئەرلەر چۈشمەيتتى. مەن قاتتىق مەيۈسلەندىم، مەن بۇ ھورۇن خوتۇننى، سالاپەتلىك مارىيە ۋىلا - دىمىروۋنا بىلەن بىر يەردە قويغاندا قانداق مەنزىرە ھاسىل بو - لىدىغانلىقىنى تەساۋۇرۇمغا سىغدۇرالمىدىم.

— كىسنىيە، — ھىلىقى قاراڭغۇراق ئۆيدىن ئۇنىڭ ئاۋازى كەلدى، — گوش نان پىشۇرۇۋېتىپسىلەر - ھە، ئۇنداق بولسا مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ كېتەي. ئالىنىمۇ چاقىرمامسەن؟

— ئاپا! — مەن بىتاپلىقتىن كېيىنكى زەئىپ ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم.

ئاپام پالاقلاپ كىرىپ كەلدى.

— رايەچكا راستىنلا چۈشلۈك تاماق يەپ كېتەمدۇ؟

— ئۇنداق قىلسا بولمايدىغان نىمىسى بار؟ — دەپ سورىدى ئاپام ھەيران بولۇپ.

— مارىيە ۋىلادىمىروۋنا كېلىدىغان تۇرسا؟

— كەلسە نىمە بولماقچى؟ رايەچكا مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ - تىكى ساۋاقدىشىم ئەمەسمۇ؟

— سەن ئۆزەڭ، ئۇ ئۇچىنچى سىنىپتىلا مەكتەپتىن قوغلاند - غان دىگەنتىڭغۇ.... ئاپا، ئۇ نىمىشقا بۇگۈن قالمىسا بولمايدىكەن؟! سەن تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسەن؟

— چۈشەنمەيۋاتىمەن! — دىدى ئاپام زەردىسى بىلەن كوڭلىدە ئېبىنىق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، — قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ مېنىڭ قەدىناس دوستۇم.

— ئالىمۇ قەدىناس دوستۇڭمۇ؟

— ئالى كەلمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەندىن خوش بولۇپ كېتەي، ئۇنىمۇ تۇتۇپ قالما!

— سېنىڭ مېھمىنىڭ ئالدىدا مەنمۇ چېنىپ قالارمەن؟ — دېدى ئاپام ئانچە تەبىي بولمىغان مەيۇسلۇك بىلەن.
— نېمىشقا كوڭلۇڭنى يېرىم قىلىسەن؟.... سەن ناھايىتى چىرايلىققۇ. ياخشىسى چاچلىرىڭنى تارىۋال، ھېلىقى كۆلرەڭ كوينىگىڭنى كىيىۋالغان بولدۇڭ - ھە.
ئاپام لىۋىنى چىشلەشكە باشلىدى — بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەمما كېسەل بولۇپ قالغىنىم، مېنى يەنە بىر قېتىم قوغداپ قالدى. ئاپام مۇلايىملىق بىلەن دېدى:
— غەم قىلما، رايىچكا كېتىدۇ. ھەممە ئىش كوڭلۇڭدىكىدەك بولىدۇ، خاتىرىڭنى جەم قىل.
.... مەن ياسىۋېتىلگەن ئويدە ياتاتتىم. توت تامغا چىرايلىق خەرىتىلەر ئېسىلغان بولۇپ، دەرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى ئەينەكتەك پاقىراپ كەتكەن پولغا ۋال - ۋۇل قىلىپ شولا چاچاتتى.
ئۇستۇمگە شوتلاندىيىنىڭ چاقماق يۇڭ ئەدىيالى يېپىلغان، ئوزەم يۇيۇنۇپ پاكىز، چىرايلىق كىيىنگەن، چېچىمنى كېلىشتۇرۇپ تارىغان. ئاز - تولا ئەتىر چېچىۋالغان ئىدىم. شېكسپىر دىراممىلىرى توپلىمى، «ئۇۋ خاتىرىلىرى» ۋە ئېنگىلىز تىلى دەرسلىكى بىر چەتتە تۇرۇپ ماڭا مەنىۋى مەدەت بېرەتتى، خىلمۇ - خىل ئاق كوكۇل ھايۋانلار ماڭا توت تامدىن تەبەسسۇم قىلاتتى. شۇنىڭدەك قۇرۇقلىقلاردا بولسا مەن ئۆزگەرتەلمەيدىغان دائىرىلەر ئالەم تەرتىۋىنىڭ مۇقىملىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى، مەن شېرىن بىر ھىسسىيات بىلەن بولغۇسى ئۇچرىشىشنى ئويلايتتىم.
مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ كېلىشىنى مەن ئوزەمنىڭ جىمىكى مەنىۋى كۈچۈمنى سەرپ قىلىپ كۈتۈۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇم بىر خىل قايناق ھىسسىياتتىن ئېرىپ كېتىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەددىدىن زىيادە شاتلىق، ھاياجان ئىچىدە غەلىتە تەمكىنلىكنى ساقلايتتى. مەن ئوزەمنىڭ قەلبىگە پۈتۈنلەي ئەسىر بولۇپ قالدىم. چۈنكى

سىرتتا ئەمەس، بەلكى يۈرۈكۈمدە مارىيە ۋىلادىمىروۋنا پەيدا
بولدى.
"قارا، مەن كەلدىم. ياخشىمۇ سەن! بىزنى بۇنچىۋالامۇ قور-
قۇتۇپ كېتەمسەن؟... سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق قورقە-
تىۋەتتىڭ، مەنمۇ بەك قورقۇپ كەتتىم. بۇنى ئۆزەڭمۇ چۈشىنەر-
سەن. سېنىڭ شۇنچىۋالا جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىغىڭغا ھەي-
رانمەن، مېنىڭ ئادالەتسىزلىك قىلغانلىغىمنى سەنمۇ كورۇپ يەت-
كەنسەن، ئۇ قىلغىنىم سېنى سىنىغىنىم ئىدى! سەن چىداشلىق بەر-
دىڭ .... مېنى يوقلىسۇن، دەپ قەستەنگە كېسەل بولىۋالدىڭمۇ
دەيمەن؟ مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە زادىلا بارمايتتىم ئەمەسمۇ.
پاھ، نىمانچە چىرايلىق خەرىتىلەر بۇ! مەنمۇ بۇنداق خەرىتىلەرنى
ئويۇمگە ئاسقان بولسام، بارلىق شەھەرلەرنى، ھايۋاناتلارنى ۋە
قېزىلمىلارنى بىلەلەيتتىم... ۋاي - ۋوي، نىمانداق ياخشى كىتاپلار
بۇ! تازىمۇ تىرىشقاقكەنسەن جۇمۇ! بۇ نەرسىلەرنى ئىگەللەپ كەت-
كۈدەك ۋاقتىم يوقتە مېنىڭ. بىراق بۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق.
شۇنداقمۇ؟ پېشانەڭنى تۇتۇپ باقاي بولامدۇ؟"
ئۇنىڭ سالقىن، يەڭگىل، قەيسەر قولى پېشانەمگە قويۇلدى.
مەن بەختىيار بولغىنىمدىن يىغلىۋەتتىم، ئارقىدىن ئويغىنىپ كەتتىم.
چۈش بولغان ئىدى، ئوبدان ئاپتاپ چۈشكەن ئوي قوپ - قورۇق
ئىدى. قىسقا ۋاقىتلىق خام خىيالىم مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ
كېلىش ۋاقتىنى ئاز - پاز تېزلەتكەن ئىدى. ئاشۇ بىرقانچە مىنۇت
ۋاقىتتا — شۇنداقلا ئۇ ئاجايىپ ئۇزۇن ۋە سالماقلىق بىرقانچە
مىنۇت — ئۇچرىشىشىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئەمەلىي ھىس قىلغان.
ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان، پېشانەمگە قويغان مۇزدەك قولىنى سەز-
گەن بولدۇم.
پەقەت چۈشۈمدە، ئۇ شېكسپىر يازغان باش قەھرىمانلاردەك
مونولوگ قىلاتتى. تۇرمۇشتا بولسا خەقلەرنىڭ قىلىشىدىغانلىرى

پەقەت ئەپقاچتى گەپلەر ئىدى. ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭغا نىمىسلەرنى دەرمەن؟ بەلكىم ئۇ كېسەللىك ئەھۋالىمدىن — بەھۇشلۇق، قاپقارا تاشلار، كۈچۈك، تورۇستىكى تۇرمۇش ... دىن قىلغان بايانلىرىمنى قىزىقىپ ئاڭلىشى مۇمكىن. ئەمما ھەرگىزمۇ چاندۇرۇپ، ئىزمايىلوۋدىكى باھار سەيلىسىدىن كېيىن ئاغرىپ قالدىم دىمەسلىكىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپامغا: مەن بۇرۇن ئابروكوۋسكى باغچىسىدا پۇتبول ئويناپ راسا تەرلەپ كەتكەن، كېيىن بولسا قاتتىق شامال چىقىپ، ھىلىقى بىر يىلدىكىدەك ياققان قارا يامغۇردا قېلىپ سوغاق تەككەن، كېيىن كېسەل تۇرۇپمۇ باھار سەيلىسىگە قاتناشقان، ئىراللىبوستىلا پۇتۇن بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىپ كەتكەن، كېيىن بەھۇش بولۇپ قالغان دەپ ئېيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك.

— ئاپا! — دەپ توۋلىدىم مەن.

— نىمەئىش؟ — ئاپام ئۈچىسىغا كىيىۋالغان، يېقىندا تىككۈزگەن كۆلرەڭ كوينىكىنى تۈزەشتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— پاھ. ئەجەپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن! بەكمۇ يارىشىپتۇ!... گېپىمگە قۇلاق سالغىنا، ئاپا، مەن قاچان ئاغرىغانلىغىمنى بىلىۋالدىم.

— جەزمەن سىلەرنى ئىزمايىلوۋقا ئاپارغاندا ئاغرىدىڭ.

— ئۇ چاغدا ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇرۇن! ئابروكوۋسكى باغچىسىدا.

— يالغان سوزلىمىگىنە!

— راست! راسا تەرلەپ تۇرغاندا قاتتىق شامال چىقىپ، ئارقىدىن قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى. شۇلار ئېسىڭدىمۇ؟

— يالغان، سەن يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ئويگە كەلدىڭ.

— دۇرۇست، ئەمما ئۇ چاغدا ماڭا سوغاق تەككەن ئىدى. كېچىچە پۇتۇن بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىپ چىقتى.

— ئۇنداق بولسا يەنە نىمىشقا ئىزمايىلوۋقا باردىڭ؟

ئاپام "قارماققا ئىلىندى!"

— بارمىساممۇ بولغانكەن! — دېدىم ئىچىم ئېچىشقان ھالدا، — ئۆزەممۇ تازا پۇشايمان قىلدىم!.....

نىمە دېگەن ئېھتىياتسىزلىق بۇ - ھە!

بولدى، بەس. ئاپام مېنىڭ ئىزمايلوۋقا بارغاندا كېسەل ئىكەنلىگىمگە چۈنپۈتتى.

ئاپام تەسكەي ئويگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ئەتىر پۇرىقى كەلدى. بۇ مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ ھايال ئۆتمەي كېلىدىغانلىغىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئاپام پايپاسلاپ كەتتى — ھىلى كىراخماللانغان چوڭ داستىخاننى ئەپچىقاتتى، ھىلى ئەڭ تەنتەنىلىك سورۇنلاردىلا ئىشلىتىدىغان كۈمۈش ۋىلكا - قوشۇقلارنى ئەپكىرەتتى، تۇرۇپلا ئاشخانىدىن پەتنۇسقا سېلىپ تۈرلۈك چىنە - تەخسىلەرنى ئەپچىقاتتى. ئارقىدىن ۋىلنىيانىڭ پەرتۇغىنى تارتىۋالدى .....

ئۇگزىدە يەنە كەپتەرۋاز باللار پەيدا بولۇۋىدى، ئاپامغا دەپ دەرىزە پەردىلىرىنى ياپقۇزۇۋەتتىم. گويا ماي ئېيىدىكى ئۇزۇن كۈندە، ئۇشتۇمتۇتلا گۈگۈم چۈشكەنگە ئوخشاش، شۇ ھامان ئۆي ئىچى گۈڭگا بولۇپ قالدى. دەرىزە پەردىسىنىڭ ئارىلىغىدىن پىچاق بىسى شەكلىدە چۈشكەن كۈن شولىسى ئۇدۇلدىكى تامنى يورۇتۇپ تۇراتتى. شولىنىڭ ئەتراپىدا ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭلىك سايىلار ئىگىز - پەس ھەركەتلىنەتتى. مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، ھەمدە تاكى مارىيە ۋىلادىمىروۋنا مۇشۇ شولىلار ئارىسىدا پەيدا بولغانغا قەدەر كۆزۈمنى ئاچماسلىق نىيىتىگە كەلدىم.

— ئوھوي، ياخشىمۇ سىز! — دەيتتى ئۇ ماڭا.

مەن تۇساتتىن، ئاشۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان، مېنى ئىنتىزار قىلغان، ئۇچرىشىش مىنۇتىنى كەينىگە سۈرۈۋەتكۈم كېلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ مىنۇتلار كېلىشى بىلەنلا، ئۇمۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ ئوتۇپ كېتىدۇ. گەرچە ئۆتمۈش بولۇپ كەتكەن ئىشلار — ئاكولو-

ۋەسكى باغچىسى، گۈللۈك ئىچىدىكى ئەينەك شاردا چاقناپ تۇرغان ئۇچقۇن، ۋەللەي ئويۇنى، شاكىلاتقا ئامراق قىزچاق لىيا-لىيا، كىرى گروچايىۋنىڭ سېھىرلەنگەندەك باشقىلارنى جەلپ قىلىش كۆچى قاتارلىقلار. ئوي خىيالىمدا ھامان ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدىن يەنە بىر قېتىم ئوتكەن بولسا، مەن تولىمۇ خوشال بولغان بولاتتىم.

مەن ئىچىمدە مارىيە ۋىلادىمىرووۋنادىن كېيىنرەك "كېلىڭ" دەپ ئۇتۇندۇم، "كېيىنرەك كېلىڭ، ھازىر سىزنى كۈتكۈدەك ماغدۇرۇم بار، سىز مېنىڭ تاقىتىم-تاق بولغاندا ئاندىن كېلىڭ......"

دەرىزە پەردىسى ئارىلىغىدىن چۈشۈۋاتقان كۈن شولىسى ئىشىك تەرەپكە يوتكەلدى، ئەمدى ئۇنىڭدا ئوينى كېسىپ ئوتكىدەك مادار بولمىغاچقا، دەرىزە تەكچىسىگىلا ئاز-تولا رەڭ بېرىپ تۇراتتى. مەن ئاپامغا دەرىزە پەردىسىنى ئاچتۇرۇۋەتتىم، سىرىت يەنىلا يوپ-يورۇق بولۇپ، ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى، ئەمما مەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا بولمىدى. كەپتەرۋاز باللار ئوگزىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ، ماي ئېيىدىكى ساپ ھاۋالىق گۈگۈم ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئاپا، سەن مارىيە ۋىلادىمىرووۋنا بىلەن راستىن كېلىشىۋالغانمىدىڭ؟ — دىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، كېلىشىۋالغان دەپ ئېيتتىمغۇ ساڭا.

— ئەمما چوقۇم چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرى كېلىڭ دەپ ئېنىق دىمىگەنسەن-ھە؟

— ئېنىق دىيىشمىگەن، بىراق ئۇنىڭ سوزىنى مەن شۇنداق چۈشەندىم.

— ئۇ ئاخشامدىقىقا كېلەمدۇ-يە؟

—دەۋەرمىگىنە! مارىيە ۋىلادىمىرووۋنايىڭ چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ بىر كېسەل بالىنى ئالدىماس.

— راسلىغان تاماقلارنى قويۇۋېرىدىغانسەن؟ ئۇنى بىز كەچلىك تاماق ئورنىدا يەۋېتەيلى...... ئەگەر خالىساڭ تاماقتا بىرەرسىنى چاقىرساڭمۇ بولىدۇ. بىرلا يېرى رايىچكىنى چاقىرما. جىك چىشلە-ۋالغان ھىلىقى رەسسامنى چاقىرغىن.

— ھېچكىمنى چاقىرمايمەن، — دېدى ئاپام مېنىڭ قوسىقىم ئاچتى.

— ئۇنداقتا يەۋەرگىن. ئاۋال ئازراق يەپ تۇر، ئاندىن كەچلىك تاماق يە. بۇ كىيىمىڭنى ئالماشتۇرماي تۇرغىن، ماقۇلمۇ؟... مارسىيە ۋىلادىمىروۋنا جەزمەن كېلىدۇ. مەن ھەقىقەتەن قاتتىق ئاغرىدىم ئەمەسمۇ؟ مىكا كلېننكوپ سەن ئۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدىڭ دەيدۇ.

— سېنىڭ ئۇ مىكاڭ ئەخمەقكەن.

— ياق، ئۇ باشقىچىلا بىر مېجەزلىك بالا، — بۇ گەپ بىلەن رايىچكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىسىغىمۇ شۇنداق باھا بەرگەنلىكى ئە-سىمگە چۈشتى. شۇ چاغدا خەقلەر ئالىنى ئەخمەق دېگەن ئىدى، — ئىشقىلىپ مەن خېلى قاتتىق ئاغرىدىم، تېخىچە ساقايمىدىم.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. سىرت گىرىمسەن بولسىمۇ، ئۆي پۇ-تۇنلەي قاراڭغۇلاشتى، ئاپام ئۈستەل چىرىغىنى ياقتى.

— ئاپا، خەرىتىنى ئېلىۋەتمىسەكمۇ بولار؟ — دېدىم مەن.

— نېمە دېدىڭ؟

— خەرىتىنى مەن ساقايغىچە ئېلىۋەتمەيلى، دەۋاتىمەن! چۈشىنى كېيىنرەك يوقىتارمىز.

— ئۇنى كۆتمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى ئاپام مەيۈس ھالدا.

— ئۇنى كېلەمدىكىن دەيمىنا؟ شۇنداق دېدىڭغۇ؟ سەن مېنى پەقەتلا ئالدىمىغان ئىدىڭ.

— ھەئە، ئالدىمىغانمەن!

— ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدىمۇ-يە؟ ئەتە مەكتەپكە بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقىمەن. ئۇ جەزمەن ئاغرىپ قالدى. ئۇيەدە غېرىپ-

سىنىپ ياتقاندۇ. ساڭا مەلۇم، ئۇ يالغۇز ياشايدۇ. ھېچكىمى يوق.
— ۋاي بىچارە،— دىدى ئاپام ئەمما بۇ گەپنى مارىيە ۋىلادىمىروۋناغا قارىتىپ ئېيتتىمۇ ياكى ماڭا قارىتىپمۇ، بىلىپ بولمايتتى.
— سەن ئۇنىڭغا قايسى ئادرىسنى دەپ بەرگەن؟ ئۇنىڭغا تېلېگىرام كوچىسى بىلەن مېڭىڭ دىگەنمۇ ياكى ئامنىيە كوچىسى بىلەن مېڭىڭ دىگەنمۇ؟ تېلېگىرام كوچىسى بىلەن ماڭسا يېقىنراق، ئامنىيە كوچىسى بىلەن ماڭسا يىراقراق، ئۇنداق ماڭسا ئىككى قورو ۋە بىر مۇنچە تاشلىنىقتىن ئۇتۇشكە توغرا كېلىدۇ..... قارا تاش!.... چاپسان ئېلىۋېتىڭلار! تاشنى ئېلىۋېتىڭلار!
بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئاياقلاشقىنىمۇ بىر ھىساپتا ئوبدان بولدى. چۈنكى بۇ مېنى كۈتۈش ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇردى. ئارقىدىن مەن ئۇزۇن ۋاقىت قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم. ھېچقانداق چۈشمۇ كورمىدىم. سۇبھى كوتىلىردى. مەن ناھايىتىمۇ ئېزىلىپ كەتكەنلىگىمنى، بېشىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىگىنى سەزدىم. دوختۇر مەيدەمگە ۋە دۇمبەمگە مۇزدەك پىلاندوسكوپىنى قويىۋېتىپ قانداقتۇ "ئىككىنچى قېتىم خەۋپتە قاپتۇ" دەپ شۇۋىرلىدى. مەن يەنە ئۇخلاپ كەتتىم. ئويغانغان چېغىمدا، ئۇستۇمدە ئادەتتە يېپىپ يېتىۋاتقان يوتقان بار ئىدى، تامدا خەرىتىلەر كورۈنمەيتتى، شېكىسپېرنىڭ درامىملىرى توپلىمى ۋە «ئوۋ خاتىرىلىرى» مۇ ئىتاژېركىغا قايتقان ئىدى، بۇ روشەن ئوزگىرىشلەر بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەن مارىيە ۋىلادىمىروۋنانىڭ كەلمەيدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېلىش نىيىتىمۇ يوقلۇغىنى، مېنى يوقلاپ بارىمەن دىگىنى پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىن مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ ئىكەنلىگىنى بىلدىم. ئۇنىڭ نىمىشقا بۇنداق قىلغانلىغىنى ئۇقالمىدىم. ھەمدە بۇ ئىشنى مەنمۇ قايتا ئويلاپ كەتمىدىم. چۈنكى مەن ئۇچۇن مارىيە ۋىلادىمىروۋنا پۈتۈنلەي كەلمەسكە كەتتى......

هازىر مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۇزۇن يىل-لار ياشىغان، ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە دىگۇدەك مەكتەپتە ئىشلىگەن. مەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت سورۇشتۇرمىدىم. ئەگەر ئۇتكەن ئىشلار ئاقىۋەت تىلغا ئېلىنىدۇ، دىيىلسە، بۇ مېنىڭ ئەسلى مۇددىيايىم ئەمەس.

بۇ ئىش بىزنىڭ بىر قېتىملىق ئەنئەنىۋى يىغىلىشىمىزدا بولدى. ئۆز ۋاقتىدىكى قىزچاق ئىرا بوكىنا ئىچىمىزدە مارىيە ۋىلا-دىمىروۋنانى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كورگەن بىردىن - بىر كىشى ئىدى. مۇئەللىم بىرلا مەندىن باشقا سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنى ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن ئەسلەپتۇ.

— ئۇ زادى نىمانچە باغرى تاشلىق قىلىدۇ ماڭا؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سەن ئۇنىڭ پاك غورۇرىنى قەدىرلىمىگەن ئىدىڭ - دە، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۆز ۋاقتىدىكى قىزچاق ئىرا بوكىنا تەبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا.

— راستىن شۇنداقمۇ؟...... قەيەردە شۇنداق بولغان؟

— جۇغراپىيە دەرسىدىچۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟...... سەن بەكمۇ ئەسكى قىلىق قىلغانتىڭ!

— توۋا قىلدىم، ئالىجوقلىق بولدىغۇ بۇ!

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇنچە يىللار ئۆتۇپ كەتتى. ئەمما مارىيە ۋىلادىمىروۋنا ھەمىشە: "ئۇ ماڭا نىمانچە ئوچلۇك قىلىدىغاندۇ؟......" دەپ سورايتتى.

مۇئەللىم بولماق نىمىدىگەن تەس - ھە! ئوخشاشلا ئوقۇغۇچى بولماقمۇ تەسكەن.

مەريەم مەتمىن تەرجىمىسى

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدىن.)

# ئېشەك قۇيرىغى

مىخائىل نەئىمە (لىۋان)

بەركەت، ئېشىكى "ئالتۇن تاي" نىڭ ئاغامچىسىنى ئاشۇ ناتونۇش بېدىكىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقان ئىدى، بۇ خىل خوشلىشىش مەنزىرىسى، بېدىكنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئاجايىپ ھەيرانلىغىنى قوزغىدى:

— ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى بېدىكلىك بىلەن ئۆتۈپتۇ، — دېدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن، — مېنىڭ قولۇمدا ئېلىپ سېتىلغان ئېشەك، خېچىرلارنىڭ ھەددى-ھېساۋى يوق. بىراق، تاكى مۇشۇ كەمگىچە ھېچقانداق بىر ئېشەك، خېچىر ياكى باشقا بىرەر تۇياق ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ سىز مۇشۇ ئېشىكىڭىزگە قىلغىنىڭىزدەك، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان، قولىدىن چىقارغۇسى كەلمەيدىغان ھالەتكە كەلگىنىنى يولۇقتۇرماپتىكەنمەن. شۇنداقلا بىر ئېشەككە مۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ كەتكەن سىزدەك ئادەمنىمۇ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. سىز يىغلاپ كەتتىڭىز، بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى.

— بىراق، دوستۇم، — دېدى بەركەت ئىسەدەپ تۇرۇپ، — بۇ ئۇنداق-مۇنداق ئېشەكلەردىن ئەمەس-تە!

— ھەر قانچە بولسىمۇ، بۇ بىر كىتاپ ئوقۇپ، خەت يازالايدىغان ئېشەك ئەمەستۇ؟ نوتىغا قاراپ ناخشا ئېيتالامدۇ-يا؟ ياكى

ئۇ شامالدىن تېز چاپىدىغان ئۇچقۇر دۈلدۈلمۇ؟

بېدىكنىڭ بۇ خىل مەسخىرىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بەركەت-نىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى. ئۇ ئىشىگىنىڭ قۇيرۇغىنى "كاپ" قىلىپ تۇتتى-دە، ئۇنى سىلاپ، سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ مۇشۇ قۇيرۇغىدىكى ئەقىل-پاراسەتلا، ئۇچار دۈل-دۈلنىڭ كاللىسىدىكى ئەقىل-ئىدرەكتىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ، — دېدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن بېدىك گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

— كاشكى سىز ئۇنىڭ كۆزىگە سۆيۈپ قويغان بولسىڭىز ئىدى، — دېدى بېدىك ھەيرانلىق ئىچىدە، — ئۇ چاغدا مەن "ھېچ-قىسى يوق، گەرچە بۇ ئىشەك بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ياخشى-يامانىنى پەرق قىلىدىغان نەرسىغۇ" دەر ئىدىم؛ ئەگەر سىز ئۇنىڭ قۇلىغىغا سۆيۈپ قويغان بولسىڭىزمۇ كاشكى، مەن بۇنىڭغىمۇ "بوپتۇ، ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، گەرچە ئۇ ئىشەكنىڭ قۇلىغى بول-سىمۇ، ئىش قىلىپ قۇلاق-دە، ئۇ خىلمۇ-خىل ئاۋازلارنى پەرق قىلالايدۇ، ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى تونىيالايدۇ ئەمەسمۇ؟" دېگەن بولاتتىم. بىراق، سىز ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى شۇنچە مېھرىۋانلىق بىلەن سىلاپ كەتتىڭىزكى، ئانىمۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ بېشىنى مۇنچە مېھرىۋانلىق بىلەن سىلىمىغان بولغىدى؛ بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇنى يەنە شۇنداق ئىشقىڭىز بىلەن سۆيۈپ كەتتىڭىزكى، ئەڭ ئامراق ئاشىق-مەشۇق-لارنىڭ سۆيۈشىشىمۇ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەس. مەن بۇ قىلغى-نىڭىزنى پەقەتلا چۈشىنىپ يېتەلمىدىم.

— دوستۇم، ئەگەر سىز ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىلسىڭىز، مېنىڭ مۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن بو-لاتتىڭىز.

— ئەگەر بۇ بىر مەخپى ئىش بولمىسا، ماڭا بىر سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

بەركەت بېدىكنىڭ ئالدىغىراق باردى. ئۇ بىر قولىدا ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن بېدىكنى قېشىغا يېقىنراق تارتىپ ئەپكېلىپ، پەس ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى:

— دوستۇم، بۇ قۇيرۇق ئون يىلدىن بۇيان مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم بولۇپ كەلگەن ئىدى، بۇرۇن ئۇنىڭ مېنى زادى قەيەرگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ "ئالتۇن تاي" مەن ئۈچۈن نىمىلەرنى كۆتەرمىدى، مەن يىل بويى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قانداق يوللارنى باسمىدىم - دەيسىز؟! مەن كۆزۈمنى مۇشۇ قۇيرۇققا تىككەن هالدا، ئۇنىڭ هەر بىر شىپاڭشىشىغا قاراپ ماڭاتتىم. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭدا قانچە تال تۈك بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن دېسەم لاپ ئۇرغان بولمايمەن. هەتتا كېچىلىرى ئۇخلىسامۇ، ئۇنى چۈشەپ ياتىمەن. شۇڭا مەن بۇ قۇيرۇق ئەبەدىل-ئەبەت مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايتتىم.

مۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، "ئالتۇن تاي" بىلەن ئىككىمىز ئادەتتىكىدەك شەهەرگە سەي ساتقىلى ماڭدۇق. ئۇ كۈنى "ئالتۇن تاي" غا نۇرغۇن چەيزە ئارتقان ئىدىم. بىز شەهەر ئەتراپىدىكى بىر مەهەللىگە قاراپ ماڭغان ئىدۇق. چۈنكى ئۇ يەردە چوپقەت خېرىدارلىرىمىزدىن بىرمۇنچىسى ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. كېتىۋاتساق، بىر موماي ئايۋىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ، چەيزىنىڭ باهاسىنى سورىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز ئۇ مومايىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختىدۇق. مەن هېلىقى موماي بىلەن گەپلىشىۋاتقان چاغدا، قولىدا بىر سىقىم لاتارىيە بېلىتى تۇتقان بىر بالا: "هەي! كىمنىڭ ئامىتى كەلسە ئەللىك مىڭ لىرا ئالىدۇ!" دەپ ۋاقىرىغىنىچە "ئالتۇن تاي"نىڭ كەينىدىن ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا "ئالتۇن تاي" قۇيرۇغىنى قاتتىق بىر شىپاڭشىتقان ئىدى، قۇيرۇق بالىنىڭ قولىغا تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى لاتارىيە بېلىتىدىن بىرسى مېنىڭ ئالدىمغا ئۇچۇپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ مەن هېلىقى مومايىنىمۇ ئېسىمدىن

چىقىرىپ، ئالدىراپ ئىگىشتىم ـ دە، يەردىكى لاتارىيە بىلىتىنى قولۇمغا ئالدىم. مەن كۆڭلۈمدە: "ھەي بەركەت، 'ئالتۇن تاي' سېنى مۇشۇ لاتارىيە بىلىتىنى سېتىۋال! دەۋاتىدۇ. قارىغىنا، بۇنى ئاۋۇ بالىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈردى. بۇ سېنىڭ ئامىتىڭ — جۇمۇ" دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇنى ھېلىقى بالىدىن سېتىۋالدىم.

— ھېلىقى چەيزىلىرىڭىزنىچۇ؟ سىز تايىنلىق ئۇلارنى سېتىپ بولۇپ، ھېلىقى لاتارىيە بىلىتى سېتىۋالغان پۇلنى ئۇندۇرۇۋالغانسىز؟ — دىدى بېدىك. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا كىشنى ئەخمەق كورگەن، ئاچچىق تەنە قىلغان ئاھاڭ بار ئىدى، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە، — ئۇ ۋاقىتدا، مەنمۇ ساراڭلىق قىلىپ ئۈچ يۈز نەچچە لىرا خەجلەپ لاتارىيە بىلىتى سېتىۋالغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ تولىتىۋالالمىدىم. ھازىر بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. ئىسىت....ھەي، ئىستەي! لاتارىيە بىلىتى، ئەخمەقلىق! — دىدى.

— بىراق، مېنىڭ ئۇ ئەخمەقلىغىم ماڭا ياخشىلىق كەلتۈردى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، "ئالتۇن تاي" نىڭ قۇيرىغى ماڭا ئامەت ئەپكەلدى.

— سىز،....سىز ئۇتتىڭىزمۇ؟

— پۇتۇنلەي ئۇتتۇم.

— پۇتۇنلەي؟! ئەللىك مىڭ لىرا!

— سىز چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن!؟

— مۇشۇنداقمۇ چاقچاق بولامدۇ؟ ئىشەنمىسىڭىز يېزىمىزغا بېرىپ خالىغان ئادىمىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ. مەيلى كىم بولمىسۇن ئوخشاشلا "ھېلىقى ئىشەك ھەيدەپ يۈرويدىغان بەركەت ئەللىك مىڭ لىرا ئۇتۇۋالدى"، دەپ جاۋاپ بەرمىسە، مانا مەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، مەن بۇ "ئالتۇن تاي" نى سېتىۋەتمەيتتىم. ئۇ ۋاقىتدا، بۇ "ئالتۇن تاي" مېنىڭ. بىردىن ـ بىر تىرىكچىلىك

مەنبەيىم ئىدى ـ دەڭا!

ـــ ھە، شۇڭلاشقا سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كوز قىيمىغان ئىكەنسىز ـ دە! ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام، مەيلى قانداق ئىشلار بولۇپ كېتىشىدىن قەتــئىــنەزەر، "ئالتۇن تاي"نى ساتــمايتتــىم. ئەكــسىچە، تاكى ئۇ قېرىپ ئولگىچە ئىچكۈزۈپ ـ يىگۈزۈپ، ئوينىتىپ ـ ياپلىتىپ ياخشى باقاتتىم. ئولگەندىن كېيىن بولسا، كېلىشتۇرۇپ ماتەم مۇراسىمى ئوتكۈزۈپ ئۇزىتاتتىم. ئۇنىڭ قەۋرىسىنى چىرايلىق گۈمبەزگە ئېلىپ قوياتتىم.

ـــ ئەپسۇسكى، مېنىڭ خوتۇنۇم ھىلىقى ئەللىك مىڭ لىرا قولغا كىرگەندىن كېيىن، ئىشەكتىن بىزار بولۇپ، بىر دەم، ئەنە تېزەكلەپ، ـ سىيىپ قويىدى ـ يەي دىسە، بىردەم تۇرۇپ، ۋاي، مانا يەنە ھاڭرىدى ـ يەي! دەپ زادىلا تۇرغۇزمىدى.

ـــ "ئالتۇن ، تاي" خۇددى سىزگە ئامەت كەلتۇرگەندەك، ماڭىمۇ بەخت ـ تالەي ئېلىپ كەلسە ئەجەپ ئەمەس.

ـــھەببەللى! ذوستۇم، مانا بۇ مېنىڭ تىلىگىم!

ناتونۇش ئادەم ئىشەكنى يېتىلەپ كەتتى. بەركەت ھىلىقى جايىدا، تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى قارىغايزارلىق تاغ ئارقىسىدا كوزدىن غايىپ بولغىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن، ئۆزى بىلەن خوتۇنى ئوتتۇرىسىدا، ھىلىقى ئەللىك مىڭ لىرا مۇكاپات سوممىسىنى قانداق خەجلەش توغرىسىدا يۇز بەرگەن تالاش ـ تارتىشنى ئەسلەپ كەتتى.

بەركەتنىڭ پىكرى، پۇلنىڭ يېرىمىغا بىر باغ سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تۇرلۇك مېۋە كوچەتلىرىنى تىكىش، ھەر خىل ئوتياش ـ چونەكلەرنى تېرىش؛ پۇلنىڭ قالغان يېرىمىنى بولسا ئوسۇمگە قەرز بېرىش ئىدى. مۇنداق بولغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن تۇراقلىق كىرىمگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئاخىرقى ئومۇرلىرىنى غەم ـ غۇسسىسىز ئوتـ ـ كۇزەلەيتتى. بىراق، خوتۇنى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى. ئۇ يېزا باشلىغىنىڭ ئوي ـ جايلىرىدىنمۇ ئېسىل قىلىپ بىر كورپۇس يېڭى

پوسۇنلۇق بىنا سالدۇرۇش، بىر دانە پىكاپ سېتىۋېلىش، ئاشقان پۇلغا، كېيىن نىمە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى سېتىۋېلىش، دىگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ، يېزا باشلىغىنىڭ ھىلىقى "جاھانغا پاتماي يۈرىدىغان" خوتۇنىنىڭ كوزىدىن ئوت چىقىرىپ، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ، كوزىدىن ياش چىقىرىۋېتەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ بىر ئېسىلزادە خېنىم بولسىدۇ-دە، بولغاندىمۇ يېزا باشلىغىنىڭ خوتۇنىدىن بىر دەرىجە ئۇستۇن خېنىم بولىدۇ. چۈنكى يېزا باشلىغى خوتۇنىنىڭ پىكاۋى يوق.

ئىش خوتۇنىنىڭ رايى بويىچە بولدى. بەركەت ھەشەمەتلىك قىلىپ بىر كورپۇس بىنا سالدۇردى. شۇنداقلا ئوزى ھەيدەيدىغان بىر ماشىنا سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ھىلىقى "ئالتۇن تاي" نى ھەيدەشكە ئورۇن قالمىدى. بىراق، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بەخت نېسىپ بولمىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى ھىلىقى ئېشىپ قالغان پۇللارنى، گويا ئۇ بىر تۈگىمەس غەزىنىدەك ھەدەپ خەجلەۋاتاتتى؛ ئۇ بارغانسېرى تەكەببۇرلىشىپ، ئوزىچە كورەڭلەپ، يېزا باشلىغىنىڭ خوتۇنى بىلەن بەس-بەستە سولەتۋازلىق تالىشماقتا ئىدى؛ ھەدىسىلا ئاشۇ پۇلى بار، كۈچى بار بايۋەتچە خېنىملارنى زورۇقۇپ دورىماقتا ئىدى. نەتىجىدە ھەقەمسايە، خۇلۇم-خوشنىلار بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسىدىن يىراقلاپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۇلار بەركەتنى قاتتىق ئەنسىرەتمەكتە ئىدى.

بەركەتنى تېخىمۇ ئازاپلايدىغىنى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەمسوھبەت، دوست-بۇرادەرلىرى ئەمدى ئۇنىڭدىن سوۋۇپ، يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى. بەركەت ئۇلارغا سالام قىلسا، ئۇلار ناھايىتى تەستىلىكتە زورمۇ-زور سالام ياندۇراتتى. ئۇ ئۇلارغا قاراپ كۇلۇمسىرىسە، ئۇلار ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ قوياتتى. ئۇ ئۇلارنى كەچلىك ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ، بىرەدەم ئولتۇرۇپ پەيزە قىلايلى، دەپ تەكلىپ قىلسا، ئۇلار ھەر خىل بانا-

سەۋەپلەرنى كورسىتىپ، هوزۇر ئېيتىپ كەلمەي قوياتتى. ئۇ، ئۇلار-نىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە تۇرغان پىكاپقا سىڭايان كوز بىلەن قاراپ: "بۇ پىكاپ ۋە ئاشۇ ئۇيلەرنىڭ هەممىسى هىلىقى ئىشەكنىڭ قويرىغى كەلتۇرگەن ئامەت" دېيىش-كەنلىگىنى بىر ئەمەس، بىرقانچە قېتىم كوردى ۋە ئاڭلىدى. خوتۇن خەقلەرگە كەلسەك، هەر قېتىم بەركەتنىڭ خوتۇنى بىرەر يېڭى كىيىم كىيىپ، ياكى بىرەر يېڭى قالپاق كىيىپ سىرتقا چىقسا، ئۇلار هامان كوزلىرىنى قىسىشىپ، قاشلىرىنى ئېتىشىپ: "ئاشۇ قالپاق، كىيىملەرنىڭ هەممىسى هىلىقى ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىنىڭ شاراپىتىدىن كەلگەن" دەپ كۇسۇرلىشىپ كېتىشەتتى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، بەركەت هىلىقى پۇللارنىڭمۇ تۇگەي دەپ قالغانلىغىنى بىلدى-دە، خوتۇنى بىلەن ئوچوق-يورۇق ئولتۇرۇپ، ئوبدان بىر سوزلىشىپ، ئىشلارنىڭ ئېقىنى ئاق، سېقىنى ساق قىلماقچى بولدى. ئەسلىدە، ئۇ خوتۇنىنىڭ خۇيى ئوسال، ئاغزى ئىتتىك، گېپى سېسىق ئىكەنلىگىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن ماجى-رالىشىپ قېلىشتىن ئېجتىناپ قىلىپ كەلگەن ئىدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ پۇتۇن غەيرىتىنى يىغىپ، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سوز باشلىدى:

— مەن بىر گەپ قىلاي، خوتۇن، هازىر بىز هەقەمسايە، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ سوز-چوچەكلىرىنىڭ دەستىگى بولۇپ قالدۇق. خەقلەر ئەتىگەندىن-كەچكىچە بىز توغرىلىق كوتۇلداشماقتا. ئۇزىمىزگە كەلسەك، ئەگەر بىز ئەتراپىڭكى خۇلۇم-خوشنىلار بىلەن مۇشۇنداق ئارىلاشمىساق، قانداق قىلىپ يەنە بىزنىڭ هەقەمسايە، دوست-بۇرادەرلىرىمىز بولىدۇ؟

بەركەتنىڭ خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا توپتەك سەكرەپ چىچاڭشىپ، زەردە بىلەن قايناپ كەتتى:

— ۋىيەي! نىمە دىگەن تېتىقسىز گەپ — بۇ؟! بۇ سولتەكلەر قانداقمۇ بىزگە هەقەمسايە، دوست-بۇرادەر بولۇشقا مۇناسىپ

بولسۇن؟ ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان بىزنى كورەلمەي، كوزلىرى قىزىرىپ، چىدىيالماي قالغان. ئۇنداق نىملەرنى پالاكەت باسسۇن، خۇدا ئۇرسۇن!

— مۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇلارنى ئەمەس، بىزنى پالاكەت باسامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ۋاي لامزەللە، ھەي، تېگى پەس! سەن زاكاڭدىن تارتىپلا مۇشۇنداق بىر نىمىسەن، تا ھازىرغىچە ئۆزگەرمىدىڭ. سەن يىرتىق بورنىڭ ئۇستىگە تۇغۇلغان بولغاچ، يەنىلا شۇ يىرتىق بورنىڭ ئۇستىدە ئولگۇڭ كېلىۋاتىدۇ. سەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك ھەر كۇنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ: "قايسى ئەپەندىمگە ھەسەل لازىم؟ كىم يېڭى چەيزە، يېڭى ئۆزگەن ئانار ئالىدۇ؟" دەپ كاكىراپ يۇرمىگىنىڭ ئۇچۇن ئىچىڭ پۇشۇپ قېلىۋاتىدۇ - ھە، سەن ھازىر كارۋاتتا ئۇخلايدىغان، ھىلىقىدەك كالامپاي كەڭ ئىشتاندىن قۇتۇلۇپ، چىرايلىق كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيەلەيدىغان، ھىلىقى ئىشىگىنى ھەيدەشتىن ئازات بولۇپ، ماشىنا ھەيدەيدىغان بولۇپ قېلىپ ئىچىڭ پۇشۇپ كېتىۋاتامدۇ - نىمە؟! ھوي، لەقۋا، ۋاي، تېگى پەس. سەن ئاشۇ "ئالتۇن تاي" چىغىڭنىڭ قۇيرىغى بىلەن بىر خىلدىكى مالسەن.

— "ئالتۇن تاي" نىڭ قۇيرۇغىدىن ئايرىلغانلىغىڭ ئۇچۇن ھامان بىر كۇنى پۇشايمان قىلىسەن!

— ھىلىغۇ ئۇ ئىكەن، سەندىن ئايرىلسامۇ پۇشايمان قىلمايمەن! ئوز ۋاقتىدا، نىمىشكىمۇ "ئالتۇن تاي" نىڭ قۇيرۇغىغا قوشۇلۇپ، بىراقلا كوزۇمدىن يوقالمىغان بولغىدىڭ!؟ سېنىڭ قەيىرىڭ ماڭا ماس كېلەلەيدۇ؟ ئېست، سەندەك بىر نىمىگە تېگىپ قالغانلىغىمنىڭ ئوزى، مەن ئۇچۇن ئەڭ زور پالاكەت!

بەركەت غەزدۇنى ئىچىگە يۇتۇپ، گەپ - سوز قىلمىدى. چۇنكى ئۇ خوتۇنى بىلەن تەڭ بولۇپ، داۋاملىق تەگىشۋەرسە،

بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر، تېخىمۇ سېسىق، چىداپ ئولتۇرغۇسىز گەپلەرنى، كىشى سەۋرى-تاقەت قىلغۇسىز ھاقارەتلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەركەت ئەنسىرىگەن ئىش ئاقىۋەت يۈز بەردى؛ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى بىلەن ھىلىقى پىكاپتىن باشقا ئۇلارنىڭ قولىدا بىر تىيىن پۇل قالمىدى. بەركەت خوتۇنىغا، ئەڭ ياخشىسى پىكاپنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كونا كەسىپنى قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. ئەپسۇسكى خوتۇنى زادىلا گەپ يېمىدى. بەركەت ئىشەكنىڭ گېپىنى چىقىرىشى بىلەنلا، خوتۇنىنىڭ ئەرۋاھى ئۆركۈپ:

— ئاچ قېلىپ مىڭ قېتىم ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئىشەك ھەيدەيدىغان ئادەمنىڭ خوتۇنى بولمايمەن! — دېدى ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ۋاقىراپ، ئۇ ئۆينى رەنگە قويساق قويۇمىزكى، ھەرگىزمۇ پىكاپنى ساتمايمىز، دېگەن پىكرىدە ئۆلگۈدەك چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، پىكاپ شەرەپ، مەدەنىيەت، كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

بەركەتنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى ئۇساللاشقىلى تۇردى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە غەم-قايغۇدا يۈرگەچكە، يېگەن تائامى ئېغىزىغا تېتىمايدىغان، ياتسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، ئولتۇرسا ئىچى تىتىلدايدىغان بولۇپ قالدى. ئەھۋال ئۆينى رەنگە قويمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ خوتۇنىنىڭ رۇخستى بىلەن — بۇنى خوتۇنىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا دېگەن تۈزۈكرەك — ئۆينى رەنگە قويدى. ئۆينى رەنگە قويغان پۇلمۇ تۈگەي دەپ قالغاندا، بولۇپمۇ خوتۇنىنىڭ زور بالايى-ئاپەتنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئازراقمۇ سەزمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇ ئەقلىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى. بەركەتنى تېخىمۇ چۆچۈتكەن ئىش شۇ بولدىكى، بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن

كورۇلۇپ باقمىغان سوغاق تەلەپپۇزدا:
— بار، ماشىنىنى ھەيدەپ كەل! بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى تۇرىدۇ، مەن جىلغىدىكى يولغا بېرىپ شامالداپ كېلىمەن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
بەركەت خوتۇنىنىڭ دىگىنىنى بىجا كەلتۈردى. ئۇ خوتۇنىنى پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ جىلغىغا كەلدى، بۇ كۈنى ھاۋا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بولۇپ، قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن جىلغىدا، كۆزنىڭ سالقىن شامىلى ئويناپ تۇراتتى. بىراق، بەركەتكە بۇ پىكاپ گويا ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەزەپ ئوتىدىن ئوت ئېلىپ، ئۇنىڭ ئومۇرتقا سوڭىكى ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلدى.
پىكاپ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىز كوۋرۈككە كەلدى. دەل شۇ چاغدا، ئۈستىگە كوزا ئارتىلغان بىر ئېشەك كوۋرۈككە ماشىنىدىن بۇرۇن قەدەم قويۇپ قالدى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئالدىدىن يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. كوۋرۈك ئىنتايىن تار بولغاچقا، پىكاپنىڭ ئېشەكنى يانداپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەركەت ئىلاجىسىز پىكاپنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇغىغا تاقاپ دىگۈدەك، ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە ھەيدەپ ماڭدى. تۇيۇقسىزدىن ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ دەل ئۆزى سېتىۋەتكەن ھېلىقى ”ئالتۇن تاي“ ئىكەنلىگىنى تونۇپ قالدى. قاراڭ، قۇيرۇق دەل ”ئالتۇن تاي“ نىڭ قۇيرىغى، بويى، رەڭگى، ھەتتا ئۇنىڭ تۇياقلىرىمۇ شۇ، چاتاق يوق، دەل ئۆزى، قىلچە گۇمانلىنىدىغان يېرى يوق.
ھاياجاندىن بەركەتنىڭ يۈرىگى قاتتىق سېلىپ، ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچى ئېلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تارتىشىپ، ئىككى كوزى قاراڭغۇلىشىپ، رول تۇتقان قولىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىغىنى سەزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پىكاپنىڭ بېشى ئېشەكنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىرنى ئۈسسىگەندەك قىلدى - دە، پىكاپ ئېشەك بىلەن قوشۇلۇپ كوۋرۈكتىن تاشلىق جىلغا ئاستىغا چۈشۈپ

كەتتى. ئىشەك ئۆلدى. ماشىنا پاچاق - پاچاق بولۇپ كەتتى. بەر-
كەتنىڭ خوتۇنى چۈشكەن جايىدا تىن تارتمايلا جان بەردى. بىرلا
ئۇ — بەركەت مۆجىزىلىك ھالدا ساق قالدى. پەقەت بېقىنى ئازراق
جاراھەتلىنىپ، پېشانىسى كىچىككىنە سۈرۈلۈپ كەتتى، خالاس.

بەركەتنىڭ خوتۇنى يەرلىكىدە قويۇلۇپ، ئىككى كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن، كەنتتە مۇنداق بىر پاراڭ تارقىلىپ كەتتى: كىشىلەر
بەركەتنىڭ خوتۇنىنىڭ قەۋرىسى ئۈستىدە، بىر تال ئىشەكنىڭ
قۇيرىقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇز ۋاقتىدا "ئالتۇن تاي" نى
كۆرگەنلىكى ئادەم، قەۋرە بېشىدىكى قۇيرۇقنىڭ دەل ئاشۇ "ئالتۇن
تاي" نىڭ قۇيرىقى ئىكەنلىكىگە جەزىم قىپتۇ. بەزىلەر: بۇ ئىش
يېزا باشلىقىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ،
دېيىشىپتۇ. بىراق، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، "ئالتۇن تاي" نىڭ
قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى قەۋرىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان ئادەم
دەل بەركەتنىڭ ئۆزى ئىكەن.

ئابدۇرۇپ پولات تەرجىمىسى

(«نەئىمە ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار» دىن)

# تونۇش - بىلىش

ئى. م. مىسرات (لىتۋىيە)

بىرەر ئىش تېپىش مەقسىدىدە، ئۇنىڭ ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا گاڭگىراپ يۈرگىنىگە ئۈچ ئاي، ئون كۈن بولغان ئىدى.

ئائىلىسىدىكىلەر ھەر كۈنى كەچتە، ئۇنىڭ تەگرىنىڭ بىرەر ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ قايتىپ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بىراق، ئۇ باللىرىغا نە كەمپۈت، نە پىچىنە قاتارلىق تاتلىقلارنى ئېلىپ كېلەلمەيتتى، پەقەتلا ئۆزىنىڭ مېھرىۋانلىقى ۋە زومۇ-زو كۆلكىسى بىلەن ياكى پىشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش بىلەن باللىرىنى خوش قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن باللار ھەر كۈنى خوشنىلىرىنىڭ باللىرىنىڭ قەن-گېزەك، مىۋە-چىۋە يەپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ئويناپدىغانلىقىنى كورۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلارنى قانداقمۇ سۆيۈپ قويۇش ۋە ئەركىلىتىپ قويۇش بىلەن بەزلىگىلى بولسۇن؟!

ئۈچ ئايدىن كوپرەك ۋاقىت، ئۇ بىرەر خىزمەت تېپىش كويىدا، ئۆزۈن ئۆچرەتكە قوشۇلۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداقلىكى خىزمەت، مەيلى تاشيولدا، پورتتا، ئايرىدورۇمدا ئىشلەيدىغان خىزمەت ۋە مۇلازىملىق خىزمەتلىرى.....ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق ھەر قانداق شىركەت ۋە ئورۇن بولسا بولۇۋېرەتتى.

ئۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە شىركەتلىرىنىڭ، لېۋىيە قولمۇقلىرىدا نېفىت ئىزلەش ئۈچۈن ھەر خىل ئىرقى - جىنسلار - دىكى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىغىنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان تۇرۇقلۇق، ھەتتا بۇرۇنقى مۇستەملىكىچىلىك يىللىرىدا مەكتەپتە ئىتالىيان، ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئامال قىلالماي ئىشسىز قالغان ئىدى. ئۇيەردە بالىلىرى قەن - گېزەك، پىچىنە - پىرەندىكىلەرگە زار ئىدى، تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تولا كورگەن ئايىلى تەگرىنىڭ بىرەر شەپقىتىگە ئېرىشىپ، ياخشىراق كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئايال ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، دەرۋىش - سوپىلارنىڭ قەۋرىلىرىنى يوقلاپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزدى، ھال ئوقىتىنىڭ بىر ئاز ياخشىلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، تەگرىدىن ئۆز ئېرىگە بىرەر خىزمەت تىلەپ ياغ پۇراتتى ۋە ئىسرىق سالدى، ھەتتا تەقدىر - پېشانەم ئوڭراق بولارمىكىن، دەپ تۇمار پۈتتۈرۈپ كەلدى. ئېرىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشىغا، خۇراپاتلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، دېگەن نەسىھەتلىرىگە قارىماي، "تەگرىم ئىلتىپات قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ تۇمارنى ئېرىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى.

ئۇنىڭ ئېرى ئۇ ئىشىكنى، بۇ ئىشىكنى قېقىپ قويۇپ، تەلمۈرگەن ھالدا ئۇزۇن ئۈچرەتكە كىلىپ تۇراتتى..... ئىش ئىزلەپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا پىرسلاش ئىشچىلىرى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، بېرىستان ئىشچىلىرى بار ئىدى، بەزىلىرى سانائەت ئىشلىرىدىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى، بەزىلەرنىڭ پوختا قول ھۈنىرى بار ئىدى بەزىلىرى خېلى كوپ ئوقۇغان ئادەملەر ئىدى، قىسقىسى ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى بىر، نېفىت شىركىتىنىڭ بىرنەچچە ئىشچى ئېلىش توغرىسىدىكى ئېلانى ئالدىدا ئادەملەر بارغانسېرى كوپىيىشكە باشلىدى، ئوچ

رەت خېلى بىر يەرگىچە سوزۇلغان. مارسۇك* خېلى كوپ ئوقۇغان بولسىمۇ، يەنىلا خىزمەت تاپالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ "تونۇش - بىلىشى" يوق ئىدى.

ئۇنىڭ بالىلىرى ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا خۇددى ئاسلاندەك بوينىنى قىسىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارغا كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇق، قەن - گېزەك ۋە خەجلەيدىغانغا پۇل كېرەك ئىدى. ئانا دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى، دادىسىنىڭ يېنىدا بىر تىيىن پۇل يوق ئىدى. ئېرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كورگەندە، ئايالىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. مۇبادا موھىسىنىڭ ئاز - تولا شەپقىتى بولمىغان بولسا، بالىلارغا بولكا ۋە مايمۇ يوق بولاتتى، لېكىن بۇ مېھرىۋان مومايغا ئۇلار ئېغىرچىلىقىنى قاچانغىچە سېلىۋېرىدۇ؟!

ئوي خوجايىنى مارسۇكقا، ئوي ئىجارىسىنى تاپشۇرمىساڭ، كوددە - كوپەڭنى كوچىغا تاشلىۋېتىمەن ۋە ئوي ئىجارىسىنى ۋاقتىدا بەرمىدى دەپ سوتقا ئەرز قىلىمەن، دەپ تەھدىت سالدى. ئۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ئوي ئىجارىسى تولىمىگەن، ئوي خوجايىنى قانۇن جەھەتتىن ئىجارە ھەققىنى كوپەيتىشكە ئاساس ۋە باھانە تېپىپ، ئىجارە پۇلىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى، ئوي خوجايىنى ئىجارە پۇلىنى كوپەيتكەن بولسىمۇ، مارسۇك ئەسلىدىكى ئوي ئىجارىسىنىمۇ تولىيەلمىگەن ئىدى. دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن كەلگەن بىر خىزمەتچى ئىجارىگە ئوي ئىزلەپ كېلىپ قالدى، ئۇ ھەتتا ئوي پۇلىنى قوشلاپ بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئوي خوجايىنى ئىشسىز مارسۇكنى كورگەن ھامانلا ۋاقىراپ - جاقىرايدىغان بولىۋالدى. ناماقۇل بولۇش، ئەپۇ سوراش ۋە يېلىنىشلار ئەمدى ئۇنىڭغا كار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر بولكا، ئوتياش، قېتىق، تاماكا ساتىدىغانلار نېسى قالغان پۇل-

*مارسۇك دىگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى تەلەيلىك ئادەم، دىگەن بولىدۇ.

لىرىنى ئېلىش ۋە پۇل قەرز بەرگەنلەر قەرزىنى تـولـتـۇۋېـلـش ئۈچۈن ئۇنى پات ـ پات ئىزلەپ كېلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قەرزى بەك كوپ بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى قـەرزنـى قايـتـۇرالـمايدۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى.

كىشلەر ئارىسىدا دېلىغول بولۇپ تۇرغان مارسۇك "شۇنچە ئۇزۇن سەۋر قىلدىم، ئەمدىغۇ تەقدىر ـ پىشانەم ئوگـدىن چىقار" دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئىلگىرى ئالى تاماكىلارنى چېكەتتى، كېيىن "سالـبىـرىيە ماركىلىق تاماكىنى چېكىدىغان بولدى، كېيىنچە تېخـىمۇ ئەرزان، تەمى ناچار تاماكا — "كاپارا" ماركىلىق تاماكىنى چېكىپ يـۈردى، كېيىن يەنە "رائىس" ماركىلىق تاماكىغا چۈشتى، ئەڭ ئاخـىرىدا چەككىلى تاماكىمۇ ئالالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ كېنوخانىغا كىر ـ مىگىنىگە بىر ئاي بولدى. قەھۋەخانـىنىڭ بوسۇغـىسـىغا دەسسەپمۇ باقمىدى. چۈنكى يانچۇقتا قەھۋە ياكى باشقا ئىچىملىك ئىچكۈدەك پۇل يوق ئىدى. بەلكىم، ئۇنىڭ دوستلىرى شۇ تاپتا قەھۋەخانىدا ئولتۇرغاندۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە پۇل تولەشكە قۇد ـ رىتى يېتىدىغانلار ھەر قانداق كىشى، ئۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇراتتى، ھىچنەرسە ئىچمىسىمۇ ياكى يېرىم قاداق نەرسە ئىچسىمۇ 6 ـ 7 سائەتلەپ ئولتۇراتتى. شۇڭا ئۇ قەھۋەخانىغىمۇ كىرمەس بولۇپ كەتتى. ئانچە زورۇر بولمىغان ئوي ـ جاھازىلىرىنى سېتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مال باھا ـ سى يەنە ئورلەپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغانچە خاراپ ـ لاشتى. ئۇ ئۇزىگە ئۇزى ھاي بېرىپ، يەنە داۋاملىق ئىش ئىز ـ لەشكە باشلىدى.

تونۇش ـ بىلىش تېپىش كېرەك ئىدى. بىر كۇنى ئۇ ئۇزىنىڭ ساي ـ لام جەريانىدا ئاۋاز بەرگەن ئادىمى — مۇئاۋىن رايون باشلىقىنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ دوقۇرۇپ ياندى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئۇزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارغا ئۇنىڭغا تونۇشـتـۇرغـىدەك

خىزمەت يوقلۇغىنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپشۇرغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئۆزىنىڭ سودا ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش ئۈچۈن شىركەتلەر ئارا دائىم قېتىراپ يۈرەتتى. كىمگە ئىش لازىم بولسا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىغا توغرا كېلەتتى.

مارسۇك پەرزەنتلىرىنى — كىچىك قىزىنى، تېنىم تاپماي ئويىلەپ يۈرىدىغان ئوغلىنى، تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بوۋاق بالىسىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇلار بىر قۇتا سۈت پاراشوگىغا مۇھتاج ئىدى، بۇنىڭ بىر قۇتىسى فونت سېتىرلىڭنىڭ توتتىن بىرىگە كېلەتتى. ئۇ، مۇبادا شۇنچىلىك پۇلۇم بولىدىغان بولسا چوقۇم يېرىم كىلو گوش ئالاتتىم، گوشنىڭ تەمىنى تېتىپ كورمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزۇن بولدى، دەپ ئويلىدى. ئويدە ئەتكەن پولۇنىڭ گوشى بولمىغاچقا گالدىن ئاران ئوتەتتى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم خۇددى خوراز ياكى تورزەك مەغرۇر گىدىيىپ يۈرىدىغان كاتتا كىشىنى ئىزلەپ باردى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە ئۆزىنىڭ تەلىۋىنى تەپسىلى ئېيتتى. ئۇ ئادەملەر بۇ كاتتا كىشىنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، ئېسىلزادە، مەغرۇر ئادەم ئىكەنلىكىنى، لېكىن ماختاشنى، مەدھىيىلەشنى، ياخشى كورىدىغانلىقىنى، ئاز-تولا پۇدەپ ئۇچۇرۇپ قويسا ياكى يالغاندىن بولسىمۇ، ماختاپ قويسا، سەممى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھەتتا خىزمەت تېپىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مارسۇك ئۇنى ئىزلەپ بېرىپ، تاغدىن-باغدىن بىر نەرسىلەرنى دىدى، ھىلىقى كاتتا كىشى ئۇنىڭغا ئازراق پۇل تەڭلىدى. ئۇ پۇلغا جىددى مۇھتاج بولسىمۇ، بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلمىدى، مۇھىمى ئۇنىڭغا خىزمەت كېرەك ئىدى.

ئۇ باش قاتۇراتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ نەگە بېرىش كېرەك؟ بۇ دولەتكە دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن ھەرخىل

ئادەملەر كەلمەكتە، ئۇلار لۆۋيىندىن خىزمەت ئىزلىمەكتە. ئۇلار بايلىققا ئىگە بولۇشقان، زاك ماللارنى — قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز مال - مۈلۈكلەرنى بولۇشۇپ ئالماقتا. لېكىن مارسۇك بولسا ئۆز ۋەتىنىدە كۆن بويى تەمتىرەپ يۈرمەكتە، سەرسانلىق ئىچىدە ياشىماقتا. بالىلىرى سۈت پاراشوگى، قەن - گېزەكلەرگە ئىنتىزار ......

ئۇ كاتىپ بىلەن كورۇشۇش نۇۋىتىنى كۈتۈپ ئۇزۇن ئۇچرەت ئىچىدە تۇرماقتا، قىزىل شىلەپە كىيىۋالغان، قارا تۇگمىلىك چاپان كىيگەن، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، قولىغا قىسقىنىنا قەلەم قىستۇرۇۋالغان بۇ كاتىپ ناھايىتى پاكار بولۇپ، خۇددى بۇغما تاغارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كوزئەينىگى بۇرنىنىڭ ئۇستىگلا قونىدۇرۇپ قويۇلغان، ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم ئالامىتىنى كورگىلى بولمايتتى، تاماق يىگەندە ياكى "خىزمەت يوق" دەپ ۋاقىرىغاندا ئاغزى ئېچىلغانلىغىنى ھساپقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئاغزى يىلىم بىلەن يەملەپ قويغاندەك تۇراتتى. مارسۇك يىگىرمىنچى قېتىم ياكى ئوتتۇزىنچى قېتىم سوئال - سوراققا جاۋاپ بەرگەندۇ ياكى ئۆزىنى تىزىملاتقاندۇ: ئىسىم پەمىلىسى ...... ئادرىسى ...... كەسپى ...... ئالاھىدىلىگى ...... ئىلگىرى قەيەرلەردە ئىشلىگەن ...... يېشى ...... ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ياخشىلىغىنى ئىسپاتلاش گوۋانامىسى، تۇغۇلغان ۋاقتى گوۋانامىسى ۋاھاكازالار ... نىمە سورالسا شۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش كېرەك ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەقسەت ئەمەس، مۇھىمى ئىككى نەرسە كېرەك ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ مارسۇكنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بىرى، مارسۇك ئىشىم پاتراق ھەل بولسىكەن، دەپ باشقىلارغا ئوخشاش، كاتىپنىڭ يانچۇغىغا ئاز - تولا پۇل سېلىپ قويالمايتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنداق پۇلى يوق ئىدى. پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى پارىگە خەجلىمەيتتى. لېكىن ئالدى

بىلەن سوغات دەپ ئاتالغان پۇل، ئىش بېجىرگۈچىنىڭ قولىغا تېگىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق بولغاندا ئۇ سىزگە "يېشىل چىراق" يېقىپ بېرەتتى ياكى "سىلىقلاش مېيى" سۈرتۈپ قوياتتى؛ يەنە بىرى، تونۇش-بىلىشى بولۇشى كېرەك ئىدى، يەنى بىرەر كاتتا كىشى ياكى يۈز-ئابرويلۇق كىشى يېزىپ بەرگەن خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن مارسۇك بۇ نەرسىلەرنى نەدىن تاپسۇن؟ ئۇ بىرلا كاتتا كىشىنى تونۇيتتى، ئۇ بولسىمۇ تەڭرى ئىدى. شۇڭا ھەر قېتىم دۇئا-تەكبىر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تەڭرىدىن بىرەر خىزمەت ئاتا قىلىشنى تىلەيتتى، ئۇ تەڭرىنى ھەرقانداق كاتتا كىشىدىنمۇ ئۇلۇغ بىلەتتى.

ئۇ ئۆچرەتتە تۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆچرەتتە ئۆتكۈزگەن 100 ئەتىگىنىنى — ئۈچ ئاي ئون كۈنىنى ئەسلىدى، ئۇ ئەنە شۇنداق ئىزچىل خىزمەت ئىزلەپ كەلدى. ئۇ چاغدا، بىر ھەمرىيى ئۇنىڭدىن:

— تونۇش-بىلىشىڭ بارمۇ؟ يا كاتتا كىشىدىن تونۇش-بىلىشىڭ بولۇشى ياكى پۇلۇڭ بولۇشى كېرەك، پۇل بولمىسا بولمايدۇ، — دەپ سورىدى.

ئۇ، بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمەي جىم تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ شىمىنىڭ ئارقا يانچۇغىدا بىرپارچە تونۇشتۇرۇش خېتى بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە ئوغرىلىۋالايمۇ دېگەن خىيال كەلدى-يۇ، بۇ خىيالدىن دەرھال ۋاز كەچمەكچى بولدى. لېكىن كۆز ئەينەك تاقىغان، قولىدىن قەلەم چۈشمەيدىغان، ئەتىدىن-كەچكىچە قاپىقىنى ئاچمايدىغان ھىلىقى يەر پاپىسى كاتىپنىڭ ئىش يوق دەپ بېرىدىغان جاۋاپلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆيدىكى باللىرىنىڭ نالە-پەرياتلىرىنى، سەۋرىچان خوتۇنىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى، كىيىملەر

گورەگە قويۇلۇپ، قۇرۇقدۇلۇپ قالغان كىيىم ئىشكاپلىرىنى، ئاشخانىدا بىرەر سىقىم ئۇن، بىرەر پارچە بولكىمۇ قالمىغانلىقىنى، خوتۇنى توي قىلغاندا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن قىز مېلى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن، ئەمما ھازىر گورەگە قويۇلۇپ كەتكەن ھالقا-ئۈزۈكلەرنى تولەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قېتىم ھالقا-ئۈزۈكسىز قالغان خوتۇنىنى كورگەندە، ئۇزىنىڭ ناھايىتى خىجىل بولىدىغانلىقىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ھېلىقى خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە كىرىۋالدى، ئۇ ئەمدى ئوغرىلىق قىلماقچى، لېكىن ئۇنىڭ ئوغرىلايدىغىنى پۇل ئەمەس، بۇ، ئەڭ غەلىتە ئوغرىلىق، ئۇ ئەمدى بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتىنى، بىر تونۇش-بىلىش مۇناسىۋىتىنى ئوغرىلىماقچى.

بۇ دولەتتە خىلمۇ-خىل ئوغرىلىق بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىلەر خەقنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلايدۇ، بەزىلەر خەقنىڭ ھوقۇقىنى ئوغرىلايدۇ، بەزىلەر قولىدا ھەممە نەرسە بار، ئوزى ناھايىتى ھاللىق تۇرۇپمۇ، يەنە ئوغرىلىق قىلىدۇ. ھالبۇكى مارسۇكنىڭ ئوغرىلىقى باشقىلارنىڭ ئوغرىلىقىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ يا پۇل ئوغرىلىمايتتى، يا ھوقۇق ئوغرىلىمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ پەقەت بىر قېتىملا ئوغرىلىق قىلماقچى. ئۇ بۇ ئوغرىلىقى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇنىغا چېتىلىپ قالماسلىقى، دائىم ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان يامان قىلىقىنى يۇقتۇرۇپ ئالماسلىقى مۇمكىن، كەسپىي ئوغرىلاردىن بولۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باللىرىنى قۇتقۇزۇش، ئىگراپ ياتقان بوۋاق بالىسىغا بىر قۇتا سۈت پاراشوگى سېتىۋېلىش، باللىرىغا كىيىم-كېچەك قىلىپ بېرىش، بولكا ۋە گوش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر قېتىملا ئوغرىلىق قىلىشقا توغرا كەلدى ۋە شۇنداق قىلىش زورۇر بولۇپ قالدى، ئوغرىلىماقچى بولغان بىرپارچە قەغەز، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان قۇتقۇزۇش چەمبىرىگى ئىدى. مۇشۇنداق جىددى زورۇرىيەتلەر ئۇنى بىر

پارچە قەغەزنى ئوغرىلاش ئۈچۈن ھىلقى ئادەمنىڭ يانچۇغىغا قول سېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ قەغەزنى ئالدى-دە، دەرھال ئۇچرەتتىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى ۋە گويا بېشىغا دولەت قۇشى قونغاندەك، ھىلقى خەتنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئوقىدى.

بۇ، ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا يېزىلغان خەت بولۇپ، بىر كاتتا كىشىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن يازغان خېتى ئىكەنلىگى چىقىپلا تۇراتتى. بىر قۇرلا يېزىلغان بۇ خەت، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈندىن بويان تەشنا بولۇپ كەلگەن، بۇ قېتىم تەساددىپى ئۇچراپ قالغان ئالتۇن ئاچقۇچ ئىدى. "بۇخەتنى ئېلىپ بارغۇچىغا — مېنىڭ يېقىن تۇققۇنۇم ئىدى — بىرەر خىزمەت تېپىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن، مەن بۇ ئىشقا ئىنتايىن كوڭۇل بولەتتىم" دەپ يېزىلغان ۋە ئاخىرىغا ئىمزا قويۇلغان. مارسۇك ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق تەلەيلىك بولدى. بو خەتنى يازغان كاتتا ئەرباپ خەتنى ئېلىپ بارغۇچىنىڭ ئىسىم-پەمىلىسىنى يازمىغان ئىدى، بۇ، ئىشنىڭ تېخىمۇ ئوڭ كەلگىنى ئىدى، خۇددى ئالىم ئارخىمېد ئوزىنىڭ ئىلمىي قانۇنىيىتىنى تاپقاندا ئوز-ئوزىگە "تاپتىم" دەپ ۋاقىرىۋەتكەندەك ئۇمۇ ۋاقىرىۋەتتى.

ئۇ دەرھال ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەھكىمىسىگە باردى. ئۇ ئاۋۋال مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرمەي، ئىشخانىغا كىرىپ خاتا ئىش قىلدى. بىراق بەزىدە بۇنداق بىپەرۋالىقلارنىڭمۇ پايدىسى تېگىپ قالىدۇ. ئۇ ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە، تونۇشتۇرۇش خېتىنىڭ ئەسلى ئىگىسى يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇپ، ئۇ يەر، بۇيەرگە قاراپ خەتنى ئىزلەۋاتاتتى. ئۇ، يوتۇپ كەتتىمۇ؟ ھەجەپ ئىس-تۇتەكتەك يوقاپ كەتتىغۇ دەپ ئويلايتتى. ئاجايىپ ئىش، خەتنىمۇ ئوغرى ئالامدۇ، مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئوزىگە-ئوزى تەسەللى بېرەتتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، ھەلىقى كاتىتا كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ يەنە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش ئالسىلا بولاتتى، چۈنكى ئۇ تۇققىنى - دە! ئۇنىڭ ناھايىتى ھورۇن، خىزمەت خوشياقمايدىغان، كېچىسى ئويگە كىرمەي، كۈندۈزى يۇتقاندىن چىقمايدىغانلىقىغا، ئەتىگەندە زادىلا قوپقىلى ئۇنىمايدىغانلىقىغا، خىزمەتنى تۈزۈك ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن 20 ئورۇندىن قوغلاندى بولغانلىقىغا قارىماي، ئانىسى ئۇنىڭغا "ئىشلەپ ئاز - تولا ئەمگەك سىڭدۈرسەڭ بولاتتى" دەپ جىكىلەپلا تۇراتتى. ئۇ ئەمدى يەنە بىر يېڭى تونۇشتۇرۇش ئالىدىغان بولدى.

ئانا، ھورۇن، ئويۇن قېپى، خىزمەتنى تۈزۈك ئىشلىمەيدىغان ئوغلىغا يەنە تونۇشتۇرۇش خېتى ئېلىش ئۈچۈن، ئوغلىنى ھېلىقى كاتىتا كىشىنىڭ يېنىغا بېرىشقا قىستاشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ھورۇن بارغىلى زادىلا ئۇنىمىدى.

ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھېلىقى تونۇشتۇرۇش خېتى مانا ھازىر ئىشخانىدا تۇرغان مارسۇكنىڭ قولىدا ئىدى. كاتىپ، خەتنى ماڭا كورسەتمىسەڭ، مەھكىمە باشلىقى بىلەن كورۇشۇشكە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. مارسۇك بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن، تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان قەغەزنى — خىزمەت ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئۇ مانا ئەمدى ئىشخانىغا كىردى، مەھكىمە باشلىقى تېلېفون بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالىتىدىن تېلېفوندا سوزلىشىۋاتقان گەپلەر ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. تېلېفوندا سوزلىشىۋاتقان ئادەمنىڭ، خەتكە ئىمزا قويغان ئەرباپ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مارسۇك، تەگىرىدىن بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىنى تىلەپ ئىچىدە دۇئا قىلاتتى. تېلېفوندا سوزلىشىپ بولغاندىن كېيىن مارسۇك خەتنى سۇندى. مەھكىمە باشلىقى سېرىق گىرۋەكلىك كوز ئەينىكىنى تاقاپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ خەتنى ئۇنىڭ دوستى بېل دىگەن كىشى يازغان ئىدى

مەھكىمە باشلىغى ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرگەن ئىدى، مەھكىمە باشلىغى مارسۇكنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇنىڭغا قەھۋە ئەكىلىشنى بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتى. مارسۇك تاماكا چەكمىگىنىگە ئۇزۇن بولغىنىغا قارىماي تاماكىنى ئالدى. مەھكىمە باشلىغى ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ يۇمشاق، ئازادە ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە ئىشخانا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ ئىشخانىمۇ ياكى باشقارمىمۇ، ياكى ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ مېھمانخانىسىمۇ دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ يەرگە ئېسىل ھەشەمەتلىك ئورۇندۇقلار قويۇلغان، دەرىزىگە چىرايلىق پەردىلەر تارتىلغان، چىرايلىق، كۆركەم ئۈستەل قويۇلغان، يەرگە ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان ئىدى. يەردىكى گىلەمگە دەسسىگەندە ئادەم شۇنداق راھەت ھېس قىلاتتى، شۇنداقلا بىئارامىمۇ بولاتتى. ئۇ مۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي جاھازلىرىنى كىنولاردىلا كۆرگەن ئىدى. مەھكىمە باشلىغىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— بېل ئەپەندى سالامەت تۇرغاندۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مارسۇك ھودۇقۇپ قالدى ۋە تىترەشكە باشلىدى، چۈنكى ئۇ بېلنى زادىلا تونىمايتتى ۋە كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئۇنىڭ ھازىر نەدە تۇرىدىغانلىغىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇشقا تىرىشاتتى، سەل دۇدۇقلىغان ھالدا ئاخىرقى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئويلايتتى. ئۇ ناھايىتى ئاددى، ئەمما ئادەت بويىچە جاۋاپ بەردى:

— ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

مارسۇك قەھۋەنى بىر ئوتلىدى، قەھۋە ئىچمىگىنىگە ئۇزۇن بولغانلىغى ئۈچۈن، قەھۋە ئاغزىغا بەك تېتىپ كەتتى.

مەھكىمە باشلىغى بېلنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن:

— سىز ئۇ كىشىنىڭ تۇققىنى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

بۇ چاغدا مارسۇكنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ۋە سىر ئاشكارا بولۇپ قالامدۇ نىمە، دەپ ئويلىدى ـ دە:

— ... تاغىسىنىڭ بالىسى بولىمەن... — دەپ جاۋاپ بەردى.

مەھكىمە باشلىغى ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىغا قاراپ چىقتى ۋە:

— دەرۋەقە، چىراي ـ سىياقىڭلار بەك ئوخشىشىدىكەن، ناھايىتى ئوخشايدىكەن، تەگرىنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن، ھەرقانداق كىشى بىر كورۇپلا سىلەرنىڭ ناھايىتى ئوخشىشىدىغانلىقىڭلارنى بايقىۋالغۇدەك، — دىدى.

مەھكىمە باشلىغى ئوتۇپ كەتكەن ئەخمەقمۇ ياكى قەستەن مىنىڭدىن گەپ ئېلىپ مىنى قىلتاقىقا چۇشۇرمەكچىمۇ، دىگەن خىيال مارسۇكنىڭ كاللىسىغا كەلدى. ئۇ، بۇ ئوڭايسىز ھالەتتىن تىززراق قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لىكىن مەھكىمە باشلىغى يەنە گەپ باشلىدى.

— سىز قەيەردە تۇرسىز، ئىلگىرى قەيەردە ئىشلىگەن؟

مارسۇك ئاددىلا جاۋاپ بەردى:

— مەن بىر مۇنچە ئورۇنلاردا بولغانىمەن، مەن...

بۇ چاغدا قولىدا ئامبىرىكا تاماكىسى تۇتقان بىر بەستلىك ئادەم كىرىپ كەلدى. مارسۇك بۇ بىل دىگەن ئادەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ناھايىتى ئەنسىرىدى، ئەگەر ھەقىقەتەن شۇ ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇنى تازا پالاكەت باساتتى. دەرۋەقە، ئىشنىڭ چوڭى چىقتى، مەھكىمە باشلىغى ئۇنى بىل، دەپ چاقىردى. بىراق، مارسۇك ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىدى، بەزى ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش قىلىپ ياراتقان تەگرى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئوخشاش قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھىلىقى خەتنى يىزىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئىكەن. بۇ قىتىمقى كورۇشۇش تىپ ـ تىنچ ئوتتى ۋە ئاياقلاشتى. مارسۇك

تەڭرىنىڭ ئۆزىگە خەيرلىك ئاتا قىلغانلىقىغا دۇئا قىلدى ھەم مەھكىمە باشلىقىغا بۇ تونۇشتۇرۇش خېتىگە ئىمزا قويۇپ بېرىشنى، يەنى ئالى ھۆرمەتلىك نامىنى يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. قىيىن پەيت ئۆتۈپ كەتتى. مەھكىمە باشلىقىنىڭ سوئاللىرى، ئىسىم - پەملىسى، يېشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى سوئاللىرى تۈگىدى، ئاندىن كېيىن كاتىپنى تېلېفونغا چاقىرىپ دېدى:

— ھازىر مارسۇك ئەپەندى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بارماقچى، مېنىڭ خېتىمنى ئالغاچ بارىدۇ، سىز ئۇنى دەرھال خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇڭ ۋە بىللە ئاپىرىپ قويۇڭ!

— سىز تاغلىق رايونغا بېرىپ نازارەتچى بولۇپ ئىشلەشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى مەھكىمە باشلىقى مارسۇكقا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— بولىدۇ، رەھمەت سىزگە!

شۇنىڭ بىلەن مارسۇك كاتىپنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. ئۇ، مەھكىمە باشلىقى جاناپلىرى ئىمزا قويغان، ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئالاقىنىمۇ ئالغاچ بارغان ئىدى. ئۇ يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا باردى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ قولىدىكى ئالاقىنى كورگەندىن كېيىن كىرگۈزدى. كاتىپ ئۇنى كورگەن ھامان قولىدىكى قەلىمىنى قۇلىقىغا قىستۇردى ۋە قىزغىنلىق بىلەن:

— مەرھەمەت، مەھكىمە باشلىقى جاناپلىرى، سىزنى ناھايىتى تەقۋادار ئائىلىدە چوڭ بولغان، باتۇر، جىگەرلىك، قالتىس يىگىت، دەپ تونۇشتۇردى، مەنمۇ بىر كورۇپلا سىزنىڭ زېرەك، قاۋۇل، ئىشچان، چوشتۇن يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىدىم.

بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ساختىپەزلىك بىلەن قىلىۋاتقان گېپى ئىدى. ئىلگىرى مارسۇكنى ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقارغان، "بۇ يەردە ئىش يوق، كوزۇمدىن يوقال" دىگەن سېسىق، زەردە گەپلەرنى

قىلغانمۇ مۇشۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئاسانلىقچە ئادەم يارىتمايتتى، دىمىغىدا خىڭىلداپلا قوياتتى، گەپلىرى ناھايىتى قوپال ئىدى. ھازىر مارسۇك ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەقىللىق، چېچەن، زېرەك، ئىشچان، باتۇر، جىگەرلىك، تالانتلىق يىگىت بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەھكىمە باشلىقى جاناپلىرىنىڭ ھىلىقى خېتىنىڭ سېھىرلىك كۈچىدىن بولغان ئىدى. مانا ئۇ پات ئارىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تاغلىق رايونغا ماڭىدۇ.

كەچتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھىلىقى ھوكۇمەت ئورگىنىدا ئىشلەشكە بېرىلگەن كېنىشكىسىنى ئوتياش ساتقۇچىغا كورسەتكەن ئىدى، ئۇدەرھال پۇل قەرز بەردى ۋە ئوتياشلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلىرىغا گوش، مېۋە-چېۋە، قەن-گېزەك، بىر قۇتا سۈت پاراشوكى سېتىۋالدى. بۇنى كورگەن خوتۇنى:

— بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىغا ياغ پۇراتقانلىقىم ۋە روھ-ئەرۋاھلارغا ئىسرىق سالغانلىقىمنىڭ، تىل تۇمار قىلدۇرغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى، — دىدى.

مارسۇك جاۋاپ بەرمىدى، تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئوغرىلىغان ۋەقەنىمۇ سوزلەپ بەرمىدى. ئۇ ئوغرىلىق قىلىش نىيىتىنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىنى خالىمايتتى، خوتۇنىنىڭ روھ-ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرۇتۇش، ئىسرىق سېلىش ۋە تىل تۇمارغا بولغان ئېتىقادىنى تەۋرىتىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلسۇن؟! ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ھىمايىسىدە ياكى ئاقكوڭۈل تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ دولقۇنلىرى ئىچىدە قالسۇن.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن تاغلىق رايونغا ئىشقا ماڭدى. ئۇ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئوغرىلىغان ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، خىزمەتنى سەممىي، ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىدى، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى، ئۇ ئىشچىلارغا ناھايىتى ياراپ قالدى.

ئۇ، مۇبادا بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ خەتنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ تەقدىرى ھازىر قانداق بولۇۋاتقاندۇ؟ مەھكىمە باشلىقى بىلەن بىل ئەپەندى ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، قانداق ئىشلار بولۇپ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇنداق قالايمىقان، بىر بىرىگە زىت خىياللاردىن قۇتۇلۇپ قالغان چاغلاردا، ئۇزىنى خېلى تۇتۇۋالاتتى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىردىن بولدى، ھازىر خىزمىتىمنى. سەممى، ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەۋاتىمايمەنمۇ، دەپ قارايتتى.

ھىلىقى ھورۇن يىگىت، تۇنۇشتۇرۇش خېتىنىڭ ئەسلى ئىگىسى، ئانىسىنىڭ — ئانا بالىسىنىڭ ھورۇنلىغى، ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويىدىغانلىغىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدى — قايتا - قايتا ھەيدەكچىلىگى بىلەن، تۇققىنىنى ئىزلەپ بارغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ "چىقىپ كەتكەن ئىدى" ياكى "يوق". ياكى "بىل جاناپلىرى ھازىر مۇھىم ئىشلار بىلەن ئالدىراش" ياكى بولمىسا "ھازىر مەخپى مەجلىس ئېچىۋاتىدۇ" دىگەن جاۋاپلارنى ئالدى زادىلا كورۇشەلمىدى، ھەتتا تېلېفونغىمۇ چاقىرالمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىرقانچە قېتىم ئىزلەپ باردى. ئۇ بۇ قېتىم "ياۋروپاغا داۋالىنىشقا كەتتى، يازنى مۇنتىكاندىتا ئۆتكۈزىدۇ" دىگەن جاۋاپنى ئالدى.

بۇ يىگىت تونۇشتۇرۇش خېتىنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ دومىلە باسقانلىغىدىن زارلىنىۋاتقاندا، مارسۇك تاغلىق رايوندا ئولتۇرۇپ، تەگرىنىڭ ئۇزىگە ئاتا قىلغان بەخت قەغىزى — تونۇشتۇرۇش خېتىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى.

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى. سولەتلىك بىل ئەپەندى زېرىكىشلىك خىزمەت، داۋالىنىش، تانسا ئويناش، ئەيشى، ئىشرەت، كەيپى - ساپا قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ۋە زېھنى - قۇۋۋىتىنى خورىتىپ قايتىپ كەلدى.

تۇققىنى، ھىلىقى ھورۇن يىگىت دەرھال ئۇنى يوقلاپ باردى ۋە "تونۇش - بىلىش" ۋاستىسى بولغان ھىلىقى خەتنى يۈتتۈرۈپ قويغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەردى ھەم باشقىدىن يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىغىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن بېل ئەپەندى دەرھال تېلېفۇننى قولىغا ئېلىپ:

— ئىشقا تېنۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى تېلېفۇنغا چاقىردىمەن، — دەپ ۋاقىرىدى.

— ھە، مەن، سالامەت تۇرغانسىز، تەڭرى ئىگەمنىڭ باشپاناسىدا تېچ - ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزگە شۈكرى. تەڭرى ئالدىدا قەسەم بېرىمەنكى، جانابىڭىزنىڭ ئىتالىيەدىن قايتىپ كەلگەنلىكلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، بۇ خەۋەرنى تېخى ھىلى ئەتىگەنلىك گېزىتتىن كوردۇم. تەن - سالامەتلىكىڭىز ياخشىدۇ؟

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى تۇردۇم. مەن بىر يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۈم، گۈزەل دېڭىز ساھىلى، زىبا رىم قىزلىرى...... بىرىنىڭ بۇيەردە ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدىن ئادەم چىداپ تۇرالمايدۇ. ياۋروپانىڭ داچىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن داچا دېگۈچىلىكى بار ئىكەن. ئېخ! نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن شىرىن كېچىلەر - ھە!

ئۇلار بىر سائەتتەك پاراڭلاشتى، بۇ ۋاقىتنىڭ توتتىن ئۈچ قىسمى ساقتا تەكەللۇپلەر ۋە ئۆزئارا ماختاپ ئۇچۇرۇشلار بىلەن ئۆتتى.

— خوش، ئاڭلاپ تۇرۇڭ مەبرۇك، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بېل ئەپەندى، — مەن ياۋروپاغا سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى سىزگە بىر تۇققىنىمنى تونۇشتۇرغان ئىدىم، ئۇ ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، جۇشقۇن، زېرەك، ئىشچان، قاۋۇل يىگىت ئىدى، مەن ئۇنىڭغا بەكمۇ كوڭۈل بولەتتىم.

— شۇنداق، مەن شۇ چاغدا ئۇ يىگىتنى مۇھىم

خىزمەتكە قويدۇم، ھازىر ئىشلەۋاتىدۇ، مەن سىز تاپشۇرغان ئىشلارغا ناھايىتى ھورمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، مەن جانابىڭىزنىڭ چاكىرىمەن. سىزنىڭ ماڭا قىلغان چوڭقۇر خەيرى-خاھلىقىڭىزنى ئۇلىسەممۇ ئۇنۇتمايمەن. ھەر قانداق خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. ھە، راست، ھېلى ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتقانلىقىنى توغرىسىدا دوكلات ئالدىم. ئۇ، ئۇ يەرنىڭ خىزمىتىگە ناھايىتى ئۇزلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىختىدارى، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان جاسارىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ھە، راست، جاناپلىرى، ئۇ ناھايىتى تەمكىن يىگىت ئىكەن. نىمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ ئۇ سىزنىڭ تۇققىنىڭىز-دە! بۇ ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك ماھىيەتلىك نەرسە، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەجەپلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— نىمە؟ بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ؟ ئۇ ھازىر مېنىڭ يېنىمدا، خىزمىتى يوق، ئىشسىز قالدىم، — دەيدۇ.

— نىمە؟ — دىدى مەھكىمە باشلىغى ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا، — راست شۇنداقمۇ؟ ئۇ ھازىر تاغلىق رايوندا ئىشلەۋاتىدۇ. خۇ! مەن سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىز ۋە تونۇشتۇرۇشلىرىڭىزغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايمەن، سىزنىڭ كورسەتمىلىرىڭىزگىمۇ ھەرگىز سوغاق مۇئامىلە قىلمىغانمەن. سىز بىزنىڭ نىجاتكارىمىز.

— رەھمەت سىزگە، — دىدى بىل ئەپەندى، — بىراق ئۇ ھازىر مېنىڭ ئىشخانامدا، يازلىق سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋال يېزىپ بەرگەن خېتىمنى يۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

— مەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كورەي. ھە، راست، ئۆتكەندە بىر ئالدامچى كەلگەن ئىدى، چىرايى-تەلەتى ناھايىتى يىرگىنىشلىك، لۈكچەك ئەبلەختەك ئىدى، جانابىڭىزنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بىر پارچە خەتنى كوتىرىپ كەپتىكەن، ئېھتىمال ئۇ يالغاندىن يېزىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. يولدىن تېپىۋالغان بولۇشى-

مۇ مۇمكىن ياكى بولمىسا ئوغرىلىنىۋالغاندۇ. ئۇ ئۆزىنى سىزنىڭ ئۇقۇقۇنگىز قىلىپ تونۇشتۇردى. شۇڭا ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئەپسۇسكى، بۇ ئېچىنىشلىق خاتالىقىم ئۈچۈن ئالدىڭىزدا ناماقۇل.

ئەتىسى مارسۇك مەھكىمە باشلىقى بىلەن دەرھال كورۇشۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئالدى. "ئېھتىمال دەرىجەم ئۇسۇشى مۇمكىن" دىدى ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئوز-ئوزىگە "مەھكىمە باشلىقى ماڭا مۇشۇنداق ۋەدە قىلغان ئىدى، چۈنكى مەن خىزمىتىمنى ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەۋاتىمەن، ماڭا ئىلھام بېرىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا سىر ئاشكارىلىنىپ قالدىمىكىن، ئۇنداق بولىدىغان بولسا چوقۇم تۇرمىگە تاشلىنىمەن، بېشىمغا چوڭ بالايى-ئاپەت كېلىدۇ." ئۇ ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىشىگە، دەرغەزەپ بولۇپ ئولتۇرغان مەھكىمە باشلىقى ئۇنىڭغا قار-يامغۇردەك تەگدى:

— ھەي پەس! ئالدىمغا كەل، ئالدامچى-كاززاپ، خۇمسە، كالۋا، سەن ئوزەڭچە بىزنى ئالدىماقچى بوپسەندە؟ بۇ خەت ساڭا غەنىمەت بولدىمۇ؟

ئۇ قولىدىكى تونۇشتۇرۇش خېتىنى ھە دەپ پۇلاڭلىتاتتى. مارسۇك چوچۇپ كەتتى ۋە ھەسرەتكە چۆمدى، ئۇ لام-جىم دىمەي تۇراتتى. مەھكىمە باشلىقى بىردەم تىل-ھاقارەت قىلغاندىن كېيىن، سەل بېسىقتى-يۇ، يەنە قار-يامغۇردەك ئەزۋەلەشكە باشلىدى. ھالبۇكى، ئۇ تېخى تونۇگۇنلا ئۇنى خىزمەتنى سەممىي سادىق، تىرىشىپ ئىشلىدىگىز، دەپ تەقدىرلىگەن ئىدى. شۇڭا مارسۇك ئوزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ:

— جاناپلىرى، مەن خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەۋاتىمەن، ئىشخانىڭىزدىكى دوكلاتتىمۇ مېنىڭ خىزمەتنى سەممىي، سادىق ئىشلەيدىغانلىقىم ئېيتىلغان، مەن ئۇنداق ھورۇنلاردىن ئەمەس، — دىدى.

— بۇنداق ئەخلاق-پەزىلەت ماختالغان دوكلاتىنىڭ ماڭا

كېرىكى يوق، — دېدى مەھكىمە باشلىغى، — بىل ئەپەندىنىڭ تونۇشـ تـۇرۇش خېتى ساڭا ئەمەس، تۇققىنىغا قارىتىپ يېزىلغان، سەن ئۇچىغا چىققان كاززاپ، ئوغرى - قاراقچى ئەبلەخ، سەن باشقىلارنىڭ نامـىنى سۇيىئىستـىمال قىلىۋالـغان ئالدامـچى، مەن سېنىڭ ئۇستىڭدىن ئەرز قىلىمەن.

مارسۇك يېلىنىشقا باشلىدى:

— بىر ئائىلە ماڭا قاراشلىق، ئۆيدە 7 بالىنىڭ گېلى ماڭا قاراپ تۇرىدۇ.

مەھكىمە باشلىغى ئايلانما ئورۇندۇغىدا ئولتۇرۇپ ھوكىرىدى:

— ھەي پەس! 7 بالاڭ ياكى 70 بالاڭ بولۇشى بىلەن مېنىڭ نىمە كارىم! كىم ساڭا بالاڭ توغرىلىق گەپ قىپتۇ. ھەي كاززاپ، بۇ خەتنى نەدىن ئالدىڭ؟ دەرھال كوزۇمدىن يوقالمايدىغان بولساڭ، يالغان ھوججەت ياسىغان سەن قاراقچىنى قولغا ئالغۇزۇۋاتىمەن! سەن بولتانتۇر * تۇرمىسىدە يېتىشقا مۇناسىپ.

مارسۇك ئۇچىغا چىققان بۇنداق مەسخىرىگە زادىلا سەۋرـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. كىمنىڭ تۇرمىگە تاشلىنىشى، كىمنىڭ قاراقچى ئىكەنلىگى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئايان ئىدى. مارسۇك ئوزىنىڭ ئالىجاناپ پاك ئىشچى بولۇشىغا قارىماي مەھكىمە باشلىغىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچىرىماقتا، بالىلىرى ئويدە ئاچلىقتىن ئىڭرىماقتا. ئۇ مۇشۇلارنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم تۇراتتى. خۇددى خوتۇن كىشىدەك چىقىراپ سوزلەۋاتقان مەھكىمە باشلىغىنىڭ پېشىغا ئورۇندۇقنى ئاتقۇسى كەلدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەن جىنايەت بىلەن تۇرمىدە ياتماقچىمۇ بولدى. بۇ، ئوغرى، قاراقچى دىگەن بەتنام بىلەن تۇرمىگە چۈشكەندىن ئەۋزەل ئىدى. لېكىن ئوزىنى تۇتۇۋالدى. بېشى خام قاپاقتەك، سالپاڭ قۇلاق، ساختىپەز، ھىلىگەر بۇ ئادەمنىڭ رەزىل ئويۇنىنى

* بولتانتۇر — لۇيىمدىكى مەشھۇر تۇرمە.

كوروُپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. تارام-لاپ چۈشۈۋاتقان كوز يېشىنى ئاستا سۈرتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ كوز ياشلىرىنى قاچانغىچە سۈرتەركىن-تاڭ!

ئەتىسى، تونۇشتۇرۇش خېتىنىڭ ئىگىسى، ئەركە نايناق يىگىت مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. مەھكىمە باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئامانلاشتى، ئالدامچىنىڭ تونۇشتۇ-رۇش خېتىنى ئوغرىلاپ كېتىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئېچى-نىشلىق خاتالىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى. هورۇن يىگىت تاغىلىق رايونغا بېرىپ ئىشلەشنى رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ شارائىتى ئۇنىڭ هازىرقى ھەشەمەتلىك ئورنىغا مۇناسىپ كەلمەيتتى. رەڭگا-رەڭ چىراقلار چاقناپ تۇرىدىغان شەھەردىن، كوكۇللۇك كەچكى ئولتۇرۇشلاردىن ۋاز كېچىپ، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان، قىشتا سوغۇقتا تۇرغىلى بولمايدىغان چول-جەزىرىگە بېرىش، ئۇنىڭ تەلىۋىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى. مەھكىمە باشلىقى يول قويۇپ، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە باشقا بىر خىزمەتكە ئورۇنلاش-تۇردى. تاغدىكى ھەلىقى خىزمەت يېگىدىن تونۇشتۇرۇش خېتى ئالغان كىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ بوش قالدى.

مارسۇك چوڭ-كىچىك كوچىلاردا خىزمەت ئىزلەپ يۈرۈيدى-دىغان ياكى بىرەر تونۇش-بىلىش تېپىش كويىدا بولغان تۇرمۇشنى قايتا باشلىدى. ئۇ ھەرقانداق بەدەل بېرىشكە، ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى.

(ئاپتور ھەققىدە) ئەلى مۇستاپا مىسرات لىۋىيىنىڭ هازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى. ئۇ ئەرەپ ئەدەبىياتى سەھنىسىدە، بولۇپمۇ شىمالى ئافرىقىدىكى ئەرەپ مۇشتىرىلىرى - ئارىسىدا يۇقىرى شوھرەتكە ئىگە. ئۇنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە قىلغان ئىشلىرى خېلى كوپ بولۇپ، ئاخباراتچىلىق، هىكايىچىلىق، نەسىردى ئەسەر يېزىش قاتارلىق ژانىرلاردا ئىجادىيەت

بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخشۇناسلىق جەھەتتە ئاز-تولا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ لىۋىيە خەلق پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

بۇ ھېكايە ئۇنىڭ 1962-يىلى نەشر قىلىنغان «پوچتالىيون ۋە باشقا لىۋىيە ھېكايىلىرى» دېگەن توپلىمىدىن ئېلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھېكايىلار توپلىمى بىلەن ھازىرقى زامان مۇنەۋۋەر ئەرەپ يازغۇچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ ئاددى كىشىلەرنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، لىۋىيە جەمئىيىتىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ تەسۋىرگە ماھىر. ئۇ قىزىق كىنايىلار ئارقىلىق مەسخىرە قىلىدۇ. ئەرەپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق، ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمانلار لىۋىيەدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەرەپ دۇنياسىدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ ھېساپلاشماقتا.

ئومەر توختى تەرجىمىسى
(«قانلىق جىلغا» ھېكايىلار توپلىمىدىن)

# ئەگۈسەتتىن قالمايمىز

ئو. گونچار (سوۋېت ئىتتىپاقى)

1

ئىككى كوزىدىن ئايرىلغان، يۈزىنى تاتۇق باسقان دوتسېنت مۇنبەردە تۇرۇپ دەرس سوزلەۋاتاتتى. سىنىپتا پارتىلار يوق، ھەممىسىنى ئىشغالىيەتچىلەر كويدۈرۈۋەتكەن ئىدى. تەنەپپۇس ۋاقتىدا قىزلار ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدەك بالكونغا چىقىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشمەيتتى. چۈنكى بالكون بۇزۇلۇپ ئورۇلۇپ كېتەي دەپ قالغاچقا، بالكونغا چىقىدىغان ئىشىك مەھكەم مىقلىنىۋېتىلگەن ئىدى. يىراقلاردىن باھارنىڭ كوزىنى قاماشتۇرغۇچى نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان كاشتان دەرىخىنىڭ ياپ-يېشىل شاخلىرى كورۇنۇپ تۇراتتى.

دوتسېنت ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە، مەزمۇت قەدەم قاشلاپ مۇنبەردىن چۈشتى. شۇ ئارىدا ئۇ، بىراۋنىڭ دادىل قەدەم تاشلاپ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مۇبادا دوتسېنتنىڭ كوزى ساق بولسا ئىدى، ئۇ ئىنستىتۇتقا يېڭىلا كەلگەن بىر ياش ئوفىتسېرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كورگەن بولاتتى.

— دىمىترى ئىۋانوۋىچ، مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟ ئىلگىرى سىز مېنىڭ روتامدا جەڭچى بولغان ئىدىڭىز، — دېدى يىگىت.

— سىز ...... سىز ......

— مەن گولوۋوي.

— لېيتېنانت گولوۋويما؟

— ياق، گۋاردىيە كاپىتانى گولوۋوي، ھازىر ئىستودىنىت گولوۋوي.

— مۇشۇ جايدا ئۇچراشقانلىقىمىزغا ئىنتايىن خوشالمەن، — دېدى دوتسېنت قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — نېمە؟ سىز ماڭا سول قولىڭىزنى بېرىۋاتامسىز؟

— مەن ...... ئوڭ قولۇمدىن ئايرىلغان.

دوتسېنتنىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزى ئەلەمدىن تۇرۇلۇپ كەتتى. ئىككىيلەن بىر ھازا غىچە گەپ قىلماي جىم بولۇپ قالدى.

— دىمىترى ئىۋانوۋىچ، تەقدىر ئىككىمىزنى يەنە بىر يەرگە جەم قىپتۇ.

— نېمىشقا پەمىلەمنى قوشۇپ ئاتايسىز؟*

— ھەممەيلەن سىزنى شۇنداق ئاتايدىغۇ.

— سىز بۇرۇنقىدەكلا يولداش گېلوبا دەپ ئاتاڭ.

## 2

گېلوبا گولوۋوينى ناھايىتى ئوچۇق چىرايى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇزۇندىن بېرى، ھەر قېتىم بۇ ياش، ئاچچىقى يامان لېيتېنانتنى ئەسلىگىنىدە، ئۇزىنى بىر خىل ئازاپ ۋە ئەلەم ئىچىدە قالغاندەك سېزەتتى.

* ھورمەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ.

بۇ ئىش 1941 - يىلىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئاۋغۇست ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

بىر كۈنى كېچىسى گولوۋوينىڭ روتىسى بىلەن باشقا بىر روتا بىر ئۇرۇش رايونىدىن باشقا بىر ئۇرۇش رايونىغا يۆتكەلمەكچى بولدى. قاپ - قاراڭغۇ كېچە، ئاق يېغىن بولۇۋاتاتتى. پۈتۈن روتا جىددى ھەربى يۈرۈشتە ئىدى. كىشىلەر ھېرىپ ھالدىن كەتكەن، ئۇلار ئۇدا بىرنەچچە كېچە ئۇخلىمىغاچقا، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈگدەپ كېتىۋاتاتتى، ئەگەر ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرەر ئادەم توختاپ قالغۇدەك بولسا، كەينىدىكىسى ئىختىيارسىز كېلىپ سوقۇلۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ بۇرنى ئالدىدىكى يولداشنىڭ مۈرىسىگە سوقۇلغاندىلا، ئۇ ئاندىن ئۆزىگە كېلەتتى.

ھەربى يۈرۈش ئارىلىقىدىكى قىسقا دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاندا، جەڭچىلەر دەم ئېلىش بۇيرۇغىنى ئاڭلىغان ھامان نەدە توختىغان بولسا، شۇ يەردىلا مەيلى پاتقاقلىق بولسۇن، مەيلى يول بولسۇن، — ياتاتتى - دە، شۇ ھامان ئۇيقۇغا كېتەتتى. ھېچكىمۇ قۇرۇقراق يەرنى ئىزلەپ يۈرمەيتتى، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق يەر تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كوماندىرلار دىژورنىلىق قىلىپ، سائەتكە قارايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايتتى.

شۇ بەش مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، پۈت-قوللىرىنى سوزۇپ، مىلتىغىنى جۇۋىسىنىڭ پېشى بىلەن ئوراپ پولات قالپىقىنى بېشىغا قويۇپ، ئاز - تولا ئۇخلىۋالىدىغانلىقى، ھەتتا بەزىدە شىرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ كېتىدىغانلىقى گېلوبانىڭ ئېسىدە ئىدى. چۈشىدە ئۇ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭگا - رەڭ نەرسىلەرنى كۆرەتتى. بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلىغاندەك بىلىنەتتى. باشقىلار ئۆتۈكى بىلەن ئۇنى بوش تېپىپ ئويغاتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدىلا بەش مىنۇت ئۇخلىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالاتتى.

بىر قېتىملىق دەم ئېلىشتا گېلوبا قاتتىق ئۇخلاپ قالدى. ئۇ مېڭىش بۇيرۇغىنى ئاڭلىمىدى، باشقىلارمۇ ئۇنى ئويغاتمىدى. گەرچە ئۇ باشقىلار ماڭغاندا ئويغىنىپ كېتەرمەن، دەپ قەستەنگە يولنىڭ ئۈستىدە ياتقان بولسىمۇ، قىرىشقاندەك ھېچكىم ئۇنىڭغا پۈتلىشىپ كەتمىدى. قوشۇن تۈن كېچىدە يۈرۈش قىلغاچقا، پۈتۈن ھەركەت ناھايىتى ئاۋازسىز بولاتتى.

گېلوبا ئويغىنىپ ئەتراپتا ھېچكىمنى كورمىدى.

ئەتراپ قاپ-قاراڭغۇ، يامغۇر شاقىراپ ياغماقتا. گېلوبا ئۆزى يالغۇز قالغاچقا، كوڭلى بەك پەرىشان بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئادىمزات يوق ناتونۇش يەرگە تاشلىنىپ قالغان يېتىم بالىدەك سەزدى. ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كېچە قاراڭغۇلۇغىغا قاراپ ۋاقىرىدى.

— ۋوي ......

بىرەرسى جاۋاپ قايتۇرارمىكىن، دەپ ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە قۇلاق سالدى، لېكىن ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى.

ئۇ يەنە بىر تەرەپكە قاراپ ۋاقىرىدى:

— ۋوي......

قاراڭغۇلۇقتىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى.

ئۇ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى، قوپۇپ يەنە يۈگۈردى. خۇددى بىركىم كەينىدە مىچىلداپ يىغلاۋاتقاندەك پاتقاق يول شىلىق-شىلىق قىلاتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارىيىپ كورۈنۈپ تۇرغان دەرەخلەردىن يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. ۋاي! تىكەن! بۇ دەرەخلەر نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟ بۇ تىكەنلەرنى ئۇ كورمىگەن ئىدىغۇ، بۇلار خۇددى ئۇنىڭغا ئۇخلاپ قالغاندا ئۆسۈپ قالغاندەك بىلىندى. ئاسماندا يۇلتۇزدىن ئەسەرمۇ يوق، ئۇنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى كۆچەيدى. ئۇ قوشۇنغا يېتىشىپ ئالالارمۇ؟ ئۇلارنى ئىزلەپ

تاپالارمۇ؟ گېلوبانى ۋەھىمە باستى: توپتىن ئايرىلىپ قېلىش، سەپتىن چۈشۈپ قېلىش، بۇ تازىمۇ دوتلۇك، بىمەنىلىك بولدى-دە!

قوشۇن جىددى يۈرۈش قىلىپ خېلى ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بەلكىم ئۈرۈش قىلىشقاما كىرگاندۇ، ئەمما ئۇ...... يولداشلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن نىمىلەرنى دەۋاتقاندۇ! ئەسكەرلىكتىن قاچتى دەۋاتقاندىمۇ؟ بۇ ئولۇمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىشقۇ.

ئۇنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ پاتقاققا مىلانغان ھەربى شىنىلى بارغانسېرى ئۇنىڭغا ئېغىر بىلىنىۋاتاتتى. مىلتىغى يۈگۈرۈشكە كاشىلا قىلاتتى. ئەمما ئۇ، مۇشۇ قاراڭغۇ، تونۇش بولمىغان يولدا ئۆزۈنىچە يۈگۈردى.

— توختا! كىمسەن؟

پولات قالپاق كىيگەن ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كەلدى.

— ئۆز ئادەم.

— ئۆز ئادەم دىگەن كىم؟ قاياققا كېتىۋاتىسەن؟

— سەپتىن چۈشۈپ قاپتىمەن...... ئۇلار مېنى ئويغىتىپ قويماپتۇ...... ئۆز ئادەملىرىمىزنى قوغلاپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۆز ئادەملىرىنى قوغلاپ كېتىۋېتىپتۇ!— دەپ كۈلدى بىرسى.

يەنە بىرسىمۇ كۈلۈشكە باشلىدى:

— سەن بۇ دالىدا شامالنى قوغلاپ كېتىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ئۇلار ئۈرۈشقا ماڭغان تۇرسا، سىنزە......

— مەنمۇ......

— سەن ئارقا سەپكە قېچىپ كېتىۋاتىسەن!

گېلوبا تۇرۇپلا قالدى.

— نىمە داۋاتىسلەر؟ بۇ ئارقا سەپ تەرەپمۇ؟

— ھەئە، پۇتۇنلەي قارسمۇ - قارشى تەرەپ.

ھىلقى ئىككىيلەن قايتا كۇلمدى. ئۇلار گېلوبانىڭ قايسى روتدىن ئىكەنلىگىنى سورىدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر باتاليوننىڭ جەڭچىلىرى ئىكەن. بۇ ئىككى ئاقكۆڭۈل ئادەممۇ ئالدىنقى نوۋەتتىكى دەم ئېلىشتا سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز كىشىلىرىگە تېزدىن يېتىشىۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولغاچقا، ئانچە قايغۇرۇپ كەتمىگەن ئىدى.

ئۇلار بىرلىكتە ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار قوشۇننى قوغلاپ يەتكەندە تاڭ يورىغان ئىدى. گولوۋويمۇ روتدىن بىر جەڭچىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. ئۇ ماڭغاچ، ئۇزاقلارغا كوز تىكىپ ئۇزلىرىنى قوغلاپ يېتىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى بىرىنچى بولۇپ كوردى.

گېلوبا كوماندىرغا تىكىلگىنىچە، خوشال بولۇپ، يىراقتىن كۈلۈمسىرەپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدە كوماندىرغا نىسبەتەن بىر خىل مېھرىۋانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان ئىدى.

گولوۋوينىڭ قەلبى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ، يول ياقىسىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

— گېلوبا، سىز قەيەردە تاماشا قىلىپ كەلدىڭىز؟ — ئۇ غەزەپ بىلەن جەڭچىگە ئالىيىپ قارىدى.

— يولداش لېيتېنانت، قوشۇندىن چۈشۈپ قاپتىمەن...... مەن ئاڭلىماپتىمەن......

كوماندىر ئاچچىغىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۇنىڭغا قادالدى:

— ئاڭلىماپتىمەن! قۇلىقىڭىز پاكمىدى! دۈشمەن دېنېپىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولدى، لېكىن سىز ئاڭلىمىدىم دەيسىز...... ئىش قىلىپ...... مەن سىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك......— ئۇ تىللىغاندەك قوپاللىق بىلەن ۋاقىراپ كەتتى.

— يولداش لېيتېنانت......— گېلوبا ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى

بولدى، لېكىن، گولوۋوي ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئالدىغا ئىتتەردى.
— يۈگۈرۈپ يېتىشىۋال، يېتىشىۋال!

گېلوبا قەدەمىنى تېزلىتىپ، ئاران دىگەندە يولداشلىرىغا يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كىچىك بالىغا ۋاقىرىغاندەك ۋاقىرىشىنى، ئۆزىگە بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىشنى كۆتىرەلمەيتتى. ھالبۇكى، بۇ يەردە قاراپ تۇرۇپ ئۇنى بىر ئېنژېنېرنى، چېچى ئاقارغان بىر ئوقۇتقۇچىنى — سىلكىشلەۋاتىدۇ. ئۇ گېپى قوپال، يۈز خاتىرە قىلمايدىغان بۇ يىگىتكە جېنىدىن ئۆتكۈدەك قىلىپ گەپ قىلىۋالماقچىمۇ بولدى.

ئەمما گېلوبا ھەربى ئىنتىزامنى بىلگەچكە، ھېچنېمە دىمىدى. شۇغىنىسى لېيتنانتنىڭ سوزى ئۇنىڭ يۈرىگىنى قاتتىق ئاغرىتقان ئىدى.

كېيىن ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە دائىم، ئۇ دىگەن شۇنداق جاپالىق ۋاقىتلار ئۇرسا، بەزىدە ئادەم ھەقىقەتەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ، ئۇيقۇسىزلىقتىن كوزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن يىگىت ئۆز جەڭچىسىنى قاتتىق ئەيىپلەپ قويسا، بۇنىڭ نىمىسى يامان دەپ، بۇ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئوفىتسېرنىڭ قوپاللىغىنى كوڭلىدىن ساقىت قىلىۋېتەتتى. ياش كوماندىر ئۆزىنىڭ بۇ جىمغۇر، ياشىنىپ قالغان جەڭچىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئىنىستىتۇتتا نەچچە يۈزلىگەن ئۆزىگە ئوخشاش بۇرۇتى خەت تارتمىغان يىگىتلەرگە دەرس ئوتكەنلىگىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئەمما، گولوۋوي گېلوبانىڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى نىمە ئىش قىلغانلىغى بىلەن نىمە كارى؛ ئۇنىڭ ھورمەتكە لايىق ئېنژېنېرمۇ ياكى دىخانمۇ ياكى بولمسا، باش بوغالتىرمۇ، ئاتاقلىق زاتمۇ، ياكى ئادەتتىكى پۇقرامۇ، بۇلار بىلەن ئۇنىڭ نىمە كارى. لېيتنانت پەقەت گېلوبانى يەنى ئۆزىنىڭ 4 - رونىسىدىكى جەڭچىسىنىلا تونۇيدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ كىشىنىڭ بارلىق ھەركەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، بىر قېتىملىق جىددى جەڭ-دىن كېيىن، بىرسى گولوۋويغا گېلوبانىڭ كويۇپ ئېغىر يارىلانغان-لىغىنى مەلۇم قىلدى.

لېيتېنانتىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇ قانداق يارىلىنىپتۇ؟

دۈشمەن تانكىسىنىڭ گېلوبا تۇرغان خەندەك تەرەپكە بېسىپ كەلگەنلىگىنى، گېلوبا ئوت ئالدۇرغۇچ بوتۇلكىنى ئىگىز كوتىرىپ ئاتماقچى بولغاندا، بىر ئوق كېلىپ، ئوت ئالدۇرغۇچ بوتۇلكىنى چېقىۋەتكەچكە، گېلوباغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەنلىگىنى، ئۇ تار خەن-دەك ئىچىدە تۇرغاچقا ئوت ئۇنىڭ كوكرەكلىرىگىچە تۇتۇشۇپ كەت-كەنلىگىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە بىر ئوت ئالدۇرغۇچ بوتۇل-كىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتقانلىغىنى سوزلەپ بەردى.

— ئۇ هازىر قەيەردە؟— لېيتېنانت سورىدى.

— ئۇنى ساقلىقنى ساقلاش باتالىونىغا ئاپىرىپ بەردۇق. يارىسى نا-هايىتى ئېغىر.

— هە، شۇنداقمۇ؟— دەپ قويدى گولوۋوي چوڭقۇر ئويغا پېتىپ. ئۇ ئەمدى ئالدىنقى كۈنى بۇ جەڭچىگە قاتتىق تەككەنلى-گىگە پۇشايمان قىلدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. لېيتېنانت يارىدارلارنى تىزىملاش جەدۋىلىنى تولدۇرغاندا گېلوبانىڭ ئىسمىنىمۇ تولدۇرۇپ قويدى. ئۇ چاغدا ئۇ، كەلگۈسىدە گېلوبا بىلەن كورۈشۈپ قالىدىغانلىغىنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرمىگەن ئىدى.

3

گولوۋوي ئىنىستىتۇتتا گېلوبانى بىر كورۇپلا تونىدى. ئەمما، دەرهال بۇ كوزى ئاجىز دوتسېنت بىلەن كورۈشۈشكە جۈرئەت قى-

لالمىدى. ھەر قېتىم كارىدۇردا ياكى سىنىپتا ئۇنى ئۇچرىتىپ قال-
سا، ئوفىتسېرنى ھامىنى خىجىلچىلىق باساتتى. ھېلىقى ھەربى يۈرۈشتە
يۈز بەرگەن ۋەقە تا بۈگۈنگىچە گولوۋوينىڭ ئېسىدە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە بۇرۇن مۇشۇنداق ئادەمگە
قوماندانلىق قىلغىنى بىلەن پەخىرلىنەتتى. 1941 - يىلىدىكى مۇدا-
پە لىنىيىسىدە ئۈن - تىن چىقارماي خەندەك كولىغان نەچچە ئونلىغان
ياش ۋە ياشانغان جەڭچىلەر قانداق ئادەملەر ئىدى - ھە! ئەينى ۋاقىتتا
ئەگەر ئۇ بىرلا بۇيرۇق بېرىدىغان بولسا، ئۇلار دەرھال ئاتاكىغا
ئوتەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ كوز ئالدىدا باتۇرلارچە قۇر-
بان بولغان، بەزىلىرى يارىلىنىپ، ھەربى گوسپىتالغا كەتكەن ئىدى.
بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق تىراكتورىستلار ۋە كانچىلار،
شائىر ۋە ئىنژېنېرلار بار بولغىيدى. مانا ھازىر مۇنبەردە تۇرۇپ
ئەستە قالغانلىرى بويىچە ئىستودىنتلارغا نەچچە ئونلىغان ئاجايىپ
مۇرەككەپ تەڭلىمىلەرنى ياتلاپ بېرىۋاتقان، چېچىغا ئاق سانچىل-
غان مۇشۇ كىشىدەك پەن - تېخنىكا ماگىستېرلىرىمۇ باردۇر، بەل-
كىم...... لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا گولوۋوي ئوز جەڭچىلىرىنى بىر
بىرلەپ تەپسىلى كۆزىتىپ باقمىغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ رو-
تىسى ئالدىنقى سەپتە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىدىغان روتا
ئىدى. شۇڭا جەڭچىلەر بۇ روتىدا ئۇزۇن تۇرمايتتى، ھەتتا ئۇ ھەر
بىر جەڭچىسىنىڭ تۇرقىنى، ئىسمىنىمۇ ئوچۇق ئېسىدە تۇتۇۋالال-
مىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھايات قالغانلىرى ھەم ئولگەنلىرى ئۇنى
كەچۈرگەي.

توغرا، ئەينى ۋاقىتتىكىسى ئۇرۇش سېپى ئىدى. ھازىرقىسى
بولسا باشقا بىر سەپ، گولوۋوينىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم ئۇز
ۋاقىتتا ئۇ قوماندانلىق قىلغان بىر جەڭچى ئىدى، بۇنىڭ ئەجەپلىنى-
دىغان نېمىسى بولسۇن؟ بۇ ئادەم خۇددى قوماندانىدەك بېشىنى
تىك تۇتۇپ، يېڭى مۇنبەردە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس

سوزلىمەكتە، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ھەربىر سوزىنى ئەستايىدىل ئوز-لەشتۇرمەكتە.

دەرسنىڭ ھەممىسىنى ئوزلەشتۇرۇۋېلىش ئاسان ئىش ئە-مەس ئىدى. گولوۋوي دەرسلەرنى ھەزىم قىلالماي قىينىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ يەنىلا پېشىشەلمەيۋاتاتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇ جەڭچىلەر بىلەن بىللە مىنالاشتۇرۇلغان دالىدىن يوشۇرۇن ئوتكەندە، دۇشمەننىڭ خەندەكلىرىگە ئومۇلەپ كىرگەندە، نەزىرىي فىزىكىنى قەتئىي يادىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان ئىدى...... ھازىرچۇ......

بۇ بەزىدە ئۇنىڭغا پەقەتلا بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىدەك تۇيۇلغاچقا، ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ، باشقا بىر كەسپنى ئىزلەپ تېپىشنىمۇ ئويلاپ قالاتتى.

ئۇ گېلوبا بىلەن بىرنەچچە قېتىم سوزلەشتى. لېكىن دوتسېنت ئوتكەندىكى ۋەقەلەر ھەققىدە قىلچە بىر نەرسە دېمىدى. "ئۇ بەلكىم ئونتۇپ قالغاندۇ" گولوۋوي شۇنداق ئويلاپ قالدى. قاد-داقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر ئوتۇپ كەتكەن كىچىك ئىشتە. ئەگەر گېلوبا بۇنى كوڭلىدە ساقلىغان بولسا، ئۇ گولوۋويغا شۇنداق قىز-غىن مۇئامىلە قىلالاتتىمۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىرەر جايدا، بىرەر جۇملە سوزدە بولسىمۇ كوڭۇل غەشلىكىنى ئىپادىلەپ قويۇشى مۇمكىن ئىدىغۇ.

بىر قېتىم گولوۋوي سىنىپتىكى قىزلار بىلەن گېلوبانىڭ ئويىگە دەرس سورىغىلى باردى. دەسلەپ قىزلار دېمترى ئىۋانو-ۋىچتىن بەزى سوئاللارنى سورىدى. كېيىن گېلوبا ئوزىنىڭ ئادىتى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى قانچىلىك ئوزلەشتۇرگەنلىكىنى بىلىش ئۇچۇن ئۇلاردىن سورىغىلى تۇردى.

دېمترى ئىۋانوۋىچ ئۇستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقتا روھى كو-تىرەڭگۇ ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ قارا رەڭلىك چاپان كىيگەن بولۇپ، تۇگمىلىرى ئادەتتىكىدەك رەتلىك ئىزمىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ يۇزد-

دىكى تاتۇقلىرى بەزى بەزىدە تارتىشىپ قالاتتى.

گېلوبا سوئال سورىغان قىز جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇ يەنە ئىككىنچى بىرسىدىن سورىدى:

— ياشىنىسكايا، سىز جاۋاپ بېرىپ بېقىڭ.

— مەن...... مەنمۇ بىلمەيمەن،— ياشىنىسكايا دۇدۇقلاپ قالدى.

— ئۇنداقتا سىزچۇ گولوۋوي؟— مۇئەللىم مۇلايىم ھالدا تەكەللۇپ بىلەن سورىدى،— بەلكىم سىز جاۋاپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن؟

گولوۋوينىڭ يۈزى ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن سىناپ باقاي،— دېدى.

ئەمىلىيەتتە ئۇ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرەلمەيتتى، بىراق ئۇ "بىلمەيمەن" دىگەن سوزنى ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمىدى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا سىز جاۋاپ بېرىپ بېقىڭ! — دېدى گېلوبا.

دوتسېنت ئىنتايىن رازى بولغانلىقتىن يۈزى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ گەرچە بۇ قامەتلىك، قاتتىق مەشقلەردىن ئوتكەن كوماندىرنى كورەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ كوپچىلىك ئالدىدا بۇ ئوقۇغۇچىسى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ: قاراڭلار، ئۇنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسى ئالدىنقى سەپتىن يېڭىلا كېلىپ، دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۇتۇۋاپتۇ، بىراق سىلەرچۇ...... دىگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

قىزلار پىچىرلىشىپ، بۇ ئىككى ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن سەپداشلارنى يەر ئاستىدىن ئوغرىلىقچە كۈزىتەتتى.

گولوۋوي بەك ھودۇقۇپ كەتتى، خاتا سوزلەپ قويۇپ، ئارقىدىن يەنە قايتىدىن سوزلىدى. دېمىترى ئىۋانوۋىچ كوڭۇل قويۇپ ئاڭلىدى. گولوۋوي سوزلىگەنسېرى ئۇزىنىڭ يوقلاڭ نەرسە-

لەرنى سوزلەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى...... ئاخىرى گولوۋوي ئاچ-
چىغى كەلگەندەك قولىنى بىر سىلكىدى-دە:
— توگىدى،— دېدى.
مۇئەللىم خاۋاتىرلەندى:
— يولداش گولوۋوي نىمە توگىدى؟
— بولدى، مەن ئوقۇمايمەن. مەكتەپتىن كېتىمەن!
— نىمە دەۋاتىسىز گولوۋوي! سىز يەنە بىر دەپ بېقىڭا؟
— مەن توت يىل كەينىدە قالدىم. مەسىلىمۇ مانا مۇشۇ يەر-
دە، هازىر...... هازىر مەن يېتىشەلمىگىدەكمەن.
— يېتىشەلمىگىدەكمەن دەمسىز؟— دوتسېنت ئاۋازىنى كوتىرىپ
سورىدى،— بۇ سىزنىڭ راست سوزىڭىزمۇ؟
قىزلار تەشۋىشلىنىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى.
— سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار! بىر دەمگە چىقىپ تۇرۇڭلار!—
دوتسېنت قىزلارنى ئاگاهلاندۇردى.
قىز ئىستودېنتلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گېلوبا قاتتىق
هاياجانلىنىپ گولوۋويغا دېدى:
— سىز باشقا ئاسان يولنى ئىزلىمەكچىمۇ؟ بۇ يول بەك جاپا-
لىقمىكەن؟ هوددىسىدىن چىقالمىغۇدەكمەن، دەپ قورقىۋاتامسىز؟
ئەمما، ئېسىڭىزدە بارمۇ؟......
گولوۋوي گېلوبا ئوتكەن ئىشلارنى يۈزۈمگە سالىدىغان بولدى،
دىگەن ئويغا كەلدى.
گېلوبا راستىنلا شۇ ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى:
— ئوتلاقتىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچە ئېسىڭىزدىمۇ؟
— ئېسىمدە.
— مېنىڭ قانداق قىلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىم، سىز-
نىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىدۇ؟
— ئېسىمدە.

— شۇ چاغدىكى سىزنىڭ "ئاڭلىماپتىمەن؟...... قۇلىغىڭ چاڭمىدى، مەن سىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك" دىگەن سوزىڭىزمۇ ئېسىڭىزدىدۇ. مەن شۇ چاغدا، ماڭا ئازار بېرىۋاتىدۇ، دىگەن ئويغا كەلگەن ئىدىم. لېكىن، كېيىن...... كېيىن مەن سىزنى ئويلىدىم. مەن سىزنىڭ پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى كورۇپ يەتتىم. سىزنىڭ قىلغىنىڭىز توغرا ئىدى. سىز ئىلگىرى ۋەتەن ئالدىدا بىر دەك جەڭچىلەر ئۇچۇن مەسئۇل ئىدىڭىز. بۇگۇن خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەتەننىڭ ئىستىگى بىلەن ئورنىمىز ئالماشقاندا، مەن گولوۋويغا مەسئۇل بولمامدىكەنمەن؟ سىز— بۇرۇنقى كوماندىرىم— سەپتىن چۇشۇپ قېلىۋاتىسىز، ئۇگىنىشنى تاشلاپ قويماقچى بولۇۋاتىسىز، جان بېقىشنىڭ ئاسان يولىنى ئىزلەۋاتىسىز، مېنىڭ قەلبىم ئازاپلانمامدۇ؟ سىز شۇنىڭغا جاۋاپ بېرىڭا، مەن سىزنىڭ بۇ ھەركىتىڭىزنى نىمە دىسەم بولىدۇ؟

گولوۋوي بىر ئېغىزمۇ تىنماي دوتسېنتنىڭ ئالدىدا خۇددى تاياقتەك قېتىپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ ھاياتىمىز مۇشۇنداق بەلگىلەنگەن،— دوتسېنت سەل تىنچلانغان ھالدا سوزىنى داۋاملاشتۇردى،— بىر مەڭگۇ ئوزئارا مەسئۇل بولىشايلى. مەلۇم بىر باسقۇچتا سىز ماڭا مەسئۇل بولدىڭىز، يەنە بىر باسقۇچتا مەن سىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. بۇ سىزنىڭ ماڭا "يوگۇرۇپ يېتىشۋال!" دىگىنىڭىزگە ئوخشاش ئىش.

— شۇنداق،— گولوۋوي ئاستا پىچىرلىدى.

— مۇشۇنداق قىلغاندا ماڭا ياردەم قىلغان بولىسىز، ئەيىنى ۋاقىتتا مېنىڭ نۇرغۇنلىغان سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشىمگە ياردەم قىلغان ئىدىڭىز.

— ئەينى ۋاقىتتا بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى.

— ئورۇنلاپ بولغان ئىش ئاساندەك تۇيۇلىدۇ،— دوتسېنت ئەستايىدىللىق بىلەن سوزلىدى،— مەن ئەسلى بۇ ئىشنى سىزگە دى-

يىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم، مېنى كۆڭلىدە غوم ساقلايدىغان ئا-
دەم ئىكەن، دەپ قالماڭ.

— مەن ئۇنداق دەپ ئويلىمايمەن، — گوللوۋوي ئەسلىدىمۇ ئۇنداق ئويلىمىغان ئىدى.

— شۇنداق بولسۇن، ھېلىقىدەك، ئوقۇمايمەن، ئىشلىمەيمەن، دىگەن سوزلەرنى ئىككىنچى ئاڭلىغۇچى بولماي، بۇلارنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇشىڭىز كېرەك، — دىدى دوتسېنت چاقچاق ئارىلاش.

— بولىدۇ.

— روتىمىز...... ھازىر فېزىكىغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا سىز — يولداش گولوۋوي — چوقۇم يېتىشىۋېلىشىڭىز كېرەك.

گولوۋوينىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى.

— مەن چوقۇم يېتىشىۋالىمەن.

— ئۇنداق بولسا بېرىڭ.

گولوۋوي بېشىنى توۋەن قىلىپ تۇرۇپ، ئوزىنىڭ بۇرۇنقى جەڭچىسىنى كۆزەتتى: «ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن بىر كوماندىرغا خاس جاسارەت بار ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

1947 - يىل

ئابلىمىت ئىمىن تەرجىمىسى
(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدىن)

# موكاپاتلاش

جىڭ شاگجىڭ (ياپونىيە)

جىڭ چىڭپىڭ ئەزەلدىن كەچ يېتىپ، ۋاقچە تۇراتتى، ھەمىشە دىگۇدەك خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدىلا ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، ناشتىمۇ قىلىۋالماي، شاپاشلىغىنىچە چىقىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئالتىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇيقۇ ـ پۈيقىسىغىمۇ قارىماي، تار كارىدورغا چىقىپ يامغۇردىن پانالىنىش تاقىغىنى تاراقشىتىپ ئېچىۋەتتى. خوتۇنى فاڭ جى بىلەن قىزى يۈۋ مېي تاراق ـ تۇرۇق دەستىدىن ئۇخلىيالماي، غودۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

جىڭ چىڭپىڭ ھويلىغا چىقىپ، ئۇيپچا ئىشلىتىدىغان سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۈمىگىنى ئاچتى ـ دە، سوغاق سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى، ئاندىن كوتىرەڭگۈ روھ بىلەن ھويلىنى تېز ـ تېز سۈپۈردى. بىردەمدىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ فاڭ جىنى ناشتىلىق تەييارلاشقا ئالدىراتتى. ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، يۈۋ مېينى ئۆيىنى تېزرەك تۈزەشتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئىككى قۇرلا كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى بار بولۇپ، پۇزۇرراق بىرىنى ــ قارا كوك كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى دەزماللاشقا باشلىدى.

دەزمال يارامىلىق بولمىغاچقا خېلىغىچە قىزىمىدى، ئۇ ئۇنىڭ

بىلەن بىر ھازاغىنچە ھەپىلەشتى-دە، كاستۇم-بۇرۇلكا ئۈستىگە بىر ھول قولياغلىقنى يېيىپ، ئۈستىدىن دەزمال سالدى، ھول قولياغلىق چاك-توزاڭلارنى سۈمۈرۈۋالدى-دە، كاستۇم-بۇرۇلكىسىنىڭ كوكۇش ئۇششاق يوللىرىنى روشەنلەشتۈردى. ئۇ كىيىملىرىنى دەزماللاپ بولۇپ تۇرۇشىغا، يان ئۆيدە ناشتىلىق تاماق تەييارلاندى. ئۈستەلدىكى تائاملار ئىلگىرىكىدىن ئانچىلا پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، لېكىن مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئالاھىدە قىزىل پۇرچاق تامغى ئېتىلگەن ئىدى. چىڭپىڭنىڭ ئالدىغا رومكا ۋە يېرىملاپ قالغان ۋېسكا بوتۇلكىسى قويۇلغان ئىدى. ئۇ ھاراق كوتىرەلمەيتتى، ئىككى-ئۈچ رومكا ئىچە-ئىچمەيلا يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇ خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا ھاراق ئىچمەيتتى. ئەمما مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىنمۇ خوتۇنىنىڭ كوڭلىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. خوتۇنى بۈگۈنكى كۈننى ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاتمايتتى. تەبىكى چىڭپىڭنىڭ روھىي كەيپىياتى خېلى ئۈستۈن كورۈنەتتى.

— دادا، سىزنى زادى قانچىلىك پۇل بىلەن مۇكاپاتلار؟ — دەپ سورىدى يۇۋ مېي.

— ھە، ئاڭلىشىمچە ئىككى-ئۈچ مىڭ كوي بېرىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما پۇل تېخى قولغا تەككىنى يوق، ئېنىق سانىنى كىم بىلسۇن، — دىدى، چىڭپىڭ كىچىك رومكىغا ھاراق قويغاچ.

— ۋيەي! شىركىتىڭلار بەكمۇ پىخسىق ئىكەن جۇمۇ.

فاڭ جى قىزىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسا كېرەك، نەسىھەت ئاھاڭىدا:

— مەيلى ئىككى مىڭ ياكى ئۈچ مىڭ كوي بولسۇن، گەپ بۇ پۇلنىڭ ئاز-كوپلىكىدە ئەمەس، — دىدى، ئاندىن ئىززەت-ئىكرام بىلەن چىڭپىڭغا تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— سىزنى قۇتلۇقلايمەن، — دىدى-دە، يۇۋ مېيغىمۇ كوڭۇل

ياساپ قوي دىگەندەك ئىما قىلدى.
— ھە، ئۇقتۇم، قۇتلۇقلىسام، قۇتلۇقلاي.
يۇۋ مېيىنىڭ تېلىنىڭ ئۇچىدىلا قىلغان سوزىدە مەنىستىمەسلىك ئالامەتلىرى ئوچۇق كورۇلمىسىمۇ، لېكىن كورەڭلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بىراق چىڭپىڭ ئوز كوڭلىدە بۇ كۇننى ئوز ھاياتىدا ئاز كورۇلىدىغان خاسىيەتلىك كۇن دەپ ھىساپلايتتى:
— بۇگۇن مۇكاپاتلىنىدىغان يالغۇز مەنلىكەنمەن.
چىڭپىڭ سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ، رۇمكا سوقۇشتۇرغاندەك بىر ھەركەتنى دورىدى-دە، رۇمكىنى ئۇستەل ئۇستىگە دۇم كومتۇرۇپ قويدى.
— قانداقلا بولمىسۇن مۇكاپاتلىنىش خوشاللىق ئىش-دە،
— شۇنداق بولمامدىغان، نەچچە مىڭ ئىشچى تۇرغان يەردە يالغۇز سىزنىڭلا ياراپ قېلىشىڭىز قالتىس ئىش-تە، بىراق، قانداقتۇ بىرەر خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلىنسا تېخىمۇ بەلەن بولاتتى.
— مۇنچىۋالا تاماگەر بولۇپ كېتىش يارىمايدۇ. ھەر نىمە دىگەن بىلەن مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، گۇل لوڭقىسىدەك بىر نىمىلەرنى بەرگەندىن كورە، پۇل بەرگىنى تۇزۇكرەك ئىدى.
ئەر-خوتۇن ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقاندا، يۇۋ مېي تامىغىنى ھاپىلا-شاپىلا يەپ بولۇپ، ياسىنىپ-تاراندى-دە، "كەتتىم" دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان يۇۋ مېي كالپۇكلىرىنى لاك بىلەن بەكرەك قىزارتىۋالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇگۇن ئەتىگەنمۇ كالپۇگىنى يەنىلا قىپ-قىزىل بوياپ، ئوزىنىڭ مۇكاپات پۇلىغا ئالغان ئەرزان باھالىق ياۋروپاچە كىيىملىرىنى كىيىۋېدى، قالتىس پوزۇر بولۇپ كەتتى. ئۇ پەسلىگە ماس كەلمەيدىغان چاسا بىر سومكىنى كوتىرىۋالدى.
— قىز بالا دىگەن بالاغەتكە يەتكەندە ياسىنىپ-تارىنىپ

يۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى چىڭپىڭ يۈۋېينىڭ كەينىدىن قاراپ.

يۈۋېي 19 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۆتكەن يىل ئەتىيازدىن باشلاپ بىر كىيىم-كېچەك زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتاتتى. تاپقان پۇلى دادىسىنىڭكىدىن ئانچە كەم بولمىغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر يېقىندىن بۇيان بىردىنلا دادىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا، ئۇ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىز بولغانلىقتىن، چىڭپىڭ ئۇنىڭ بۇ خۇيلىرىغا ئانچە ئېرەنمۇ قىلىپ كەتمىدى. بىراق بۈگۈن ئەتىگەن، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەندە قىزىنىڭ نەزەرگە ئىلماي قويغانلىقى ئۇنىڭ بىرئاز كۆڭلىگە كەلدى.

يېقىنقى 2-3 يىلدىن بېرى ئائىلە فاڭجى ھەر قانداق ئىشتا يۈۋېينىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، چىڭپىڭ بىلەن تاكاللىشىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئائىلىدا شۇ بۇرۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندەك بولدى. چىڭپىڭ فاڭجىنى ئۆزىچىلا ئۆز تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، مىڭ قىلغان بىلەن خوتۇن ئەر بىلەن قەلبداش كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇ باشقىلاردىن: خوتۇننى گايى-گايى خۇشال قىلىپ تۇرمىسا بولمايدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدى. ئەمدى بۇ سۆز ئۇنىڭ يادىغا كەلدى-دە تەسىرلەنگەندەك بولدى.

جىڭ چىڭپىڭ M گىرىم-پەدەز شىركىتى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىسى بولۇپ، 30 يىلدىن بۇيان شۇ يەردە ئىجتىھات ۋە ئېتىقادى بىلەن خىزمەت ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى، بۇ ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇڭا شىركەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۈگۈن ئۇ مۇكاپاتلىنىشقا تاللانغان ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، شىركەت تەرىپىدىن زالدا قىسقىچىلا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى، دۇڭشى (شىركەت باشلىقى) شەخسەن ئۆز قولى بىلەن

پىگىغا تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات پۇلى بەرمەكچى ئىدى.

بۈگۈن چىڭپىڭ بۇرۇلكىسىنى قىرلاپ كەيگەن ئىدى. دىمىسمۇ بۇنداق ئامەتنىڭ قولغا كېلىشى ئاسان ئەمەس-دە! ئۇ سائەت 8 بولغاندا ئۆيدىن چىقتى، بۇسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدا:

— سائەت ئىككىدىن سەل ئۆتكەندە، شىركەت خەۋەرلىشىش بولۇمىگە بارساڭمىكىن؟ تەبرىكلەش مۇراسىمى ئېشىپ كەتسە 20 مىنۇت يا يېرىم سائەت داۋام قىلار، — دېدى.

— باراي، تەقدىرنامىگە نىملەرنى يېزىۋەتتىكىن، ئۇز كوزۇم بىلەن بىر كورەي، تەقەززا بولۇپ كەتتىم، — دېدى فاڭ جى خوشال-خوراملىق بىلەن.

چىڭپىڭ شىركەتكە يېتىپ بېرىشىغا، ئۇچراشقانلىكى كىشى ئۇنى تەبرىكلىگىلى تۇردى: "بۇرادەر، بۈگۈن شوھرەتكە سازاۋەر بولىدىغان بولدىڭىز-دە!"، "مۇبارەك بولغاي!"، "بەللى، بەللى!". چىڭپىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش يۈزىسىدىن تارقىتىلىدىغان نەپىس ئاتىكىرتكىلارغا ھەر قايسى پارچە سېتىش ماگىزىنلىرىنىڭ ئادرىسلىرىنى ئالدىراپ يازغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇنلىغان كوزلەر چېكىسىگە قادىلىپ تۇرغاندەك ھىس قىلىپ، ئوي-پىكىرلىرى چېگىشلىشىشكە باشلىدى ۋە خىجىللىقتا پاتقاندەك بولۇپ ھاياجانلاندى. قولىدىكى ئىشىنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، سائىتىگە قاراپ، سائەت ئون يېرىم بولۇپ قالغانلىغىنى بىلدى. ئۇنىڭچە چۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقتى ئادەتتىكىدىن بەك ئاستا ئۆتكەندەك قىلدى.

شىركەتتە ھەممەيلەن چىڭپىڭنى "بۇرادەر" دەپ ئاتايتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرلا "چىڭ ئەپەندىم"، "لاۋچىڭ" دەپ ئاتايتتى. ھەر يىلى شىركەتكە يېڭىدىن كىرگەن خىزمەتچىلەر ئۇنى دەسلىۋىدە "چىڭ ئەپەندىم" دەيتتى، لېكىن مۇنداق ياخشى ئا-

تاش ئانچە ئۇزاققا بارمايتتى، يېرىم ئايلا داۋاملىشاتتى، ئېشىپ كەتسە بىرەر ئايغا باراتتى، ئاندىن ئۇلارمۇ ئۇنى تەبىي ھالدا "بۇرادەر" دەپ ئاتاشقا باشلايتتى.

دەرۋەقە ئاشۇ ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن، يېشىمۇ قىزىنىڭ يېشىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ياشلارنىڭ ھەدىسىلا "بۇرادەر"، "بۇرادەر" دەپ ئاتاشلىرى چىكچىكنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. لېكىن چىكچىك نىمە ئۈچۈن خەقلەرنىڭ ئۆزىنى "بۇرادەر" دەپ ئاتىۋالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، شىركەتكە كىرگىلى بىر قانچە كۈنلا بولغان "يېڭىياچىلار"نىڭ يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن يېشى 55 كە توشۇپ پېنسىيىگە چىقىدىغان ئەجدادىنى "بۇرادەر" دەپ ئاتاش سالاھىيىتى يوق ئىدى. غەلىتە يېرى شۇكى، جىك چىكچىكنىڭ ئۆزىدىن، بۇ مەرتىۋىسى تۆۋەن "كىچىك" خىزمەتچىنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى، مىجەز-خۇلقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئورۇق ئىنچىكە ئېگىز كەلگەن تەققى-تۇرقىدىن ۋە سالاپەتسىز يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن "بۇرادەر" دەپ ئېغىزدىن چىقىرىشقا كىشىنى جۈرئەت قىلدۇرىدىغان ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى.

جىك چىكچىكنىڭ ئىش ئۈستەلىنىڭ تارتمىسىدىمۇ نام-ئەمەللەر كارتوچكىسى تۇراتتى، لېكىن ئۇ كارتوچكىلار زادىلا كارغا كەلمىگەن ئىدى. كارتوچكىلارنىڭ بىرىگە "$M$ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى شىركىتى تەشۋىقات باشقارمىسى پىلان بولۇمىدىكى جىك چىكچىك" دىگەن خەتلەر بېسىلغان بولۇپ، خەتتە قىلچە خاتالىق يوق ئىدى، ئۇ نەق زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى شىركىتى تەشۋىقات باشقارمىسى پىلان بولۇمىنىڭ خادىمى ئىدى. بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۇنۋانى بىلەن ئاتاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر "ياللانما خادىم" "يارده‌مچى خىزمەتچى" ۋە "خىزمەتچى دىگەنلەرگە بولۇنەتتى شۇ چاغلاردا چىكچىك يەنىلا ياردەمچى

خىزمەتچى ئىدى. ئەگەر چەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزۈمى بىكار قىلىنمىغان بولسا ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگىلا ئىگە بولغان چىڭ-پىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى ئوقۇش تارىخى جەھەتتىن، يا قابىلىيەت جەھەتتىن بولسۇن بەلكىم ئەبىدىل-ئەبەت ياردەمچى خىزمەتچى بولۇپ ئۆتكەن بولار ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئۆزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەممەيلەن خىزمەتچى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامەتى كېلىپ، بىر دەرىجە ئۆسۈپ، خىزمەتچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭغا قارىتا ئېيتقاندا، مەيلى قانداقلا ئىشتا بولمىسۇن، ئۆزىنى پەس كۆرۈش روھىي ھالىتى باشتىن-ئاخىر ھەمرا بولۇپ كەلدى. ئۇ ھامان ئۆزىنى ياردەمچى خىزمەتچى دەۋرىدىكى خىزمەتچىلەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن دەپ ھېس قىلاتتى. رويىخەت تەرتىۋى خىزمەت ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ رەتلەنگەن ئىدى. شۇنداق رەتلىنىش نەتىجىسىدە، جىڭ چىڭپىڭ تەشۋىقات باشقارمىسى بويىچە ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدى بولۇپ تىزىمغا چۈشكەن ئىدى. لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ پايدىلىق ئورۇننىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر نەپى تېگىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، چىڭ پىڭمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تاما قىلمايتتى.

باشقا بولۇملەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنلىرىدا، ئۇ كۆپۈنچە قارا ئىش قىلىدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، كىمكى چاي ئىچمەن دىسە، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قارا ئىش قىلىدىغانلار قاتارىدا چاي ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىشلارنى ھېچكىم ئۇنىڭغا تاپشۇرمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇنداق ئىشلارنى مەجبۇرىيەت قارىدا كۆرۈپ ئورۇنلايتتى. يىغىن ئاخىرلاشقىچە، باشقىلار سوز قىلاتتى-يۇ، ئۇ گەپ ئارىلىمايتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سوز قابىلىيىتى يوق بولۇپ، خىزمەت جەھەتتىكى پىكىرلىرىنى جايلاپ ئىز-

هارلىيالمايتتى؛ ئەڭ گەۋدىلىك پېرى شۇكى، ئۇ ياردەمچى خىزمەت-
چى بولغان چاغدا ئادەتلەنگەن ئوزىنى پەس كورۇش ھىسسىياتى
تۇپەيلىدىن، باشقىلار سوزلىسە غىڭ-پىڭ قىلماي ئاڭلىغىنىم تۇ-
زۇك دەپ قارايتتى. باشقىلارنىڭ يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىش
ئۇنىڭغا قارىتا مەجبۇرىيەت ھىساپلىناتتى. باشقىلارمۇ بۇنداق ئىش-
لارنى قىلىش چىڭپىڭغا تازا ماس كېلىدۇ، دەپ قارايتتى.

كوپ يىللاردىن بېرى، كوچىلارغا ياكى ئىستولبىلارغا ئېلان-
لارنى چاپلاش ئىشلىرىنى ئاساسەن چىڭپىڭ ئوز ئۈستىگە ئېلى-
ۋالغان ئىدى. ياشلار "سۈپەتكە تەسىر يېتىدۇ" دەپ بۇنداق
ئىشلارنى قىلىشتىن ئەپلەپ-سەپلەپ ئوزىنى قاچۇراتتى، زادى
بولمىغاندا چىڭپىڭغا:

— بۇرادەر، سىزگە تۆۋەنچىلىك بىلەن ھاۋالە قىلىمەن،—
دەيتتى.

ياشلار ئەنە شۇ يوسۇندا ئەرزىمەس ئىشلارنى ئۇنىڭغا يۈك-
لەپ قوياتتى. چىڭپىڭ بۇنداق ھاشاردىن بىزار بولىدىغان چاغ-
لىرىمۇ بولاتتى، لېكىن "بالدۇر چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان
مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ" دەپ ياشلارغا سۈيۈنۈپ، ئوزىگە
تەسەللى بېرىپ، يەنىلا بۇ ئىشلارنى بېجىرىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ،
سۇ تۆۋەنگە ئاققاندەك باشقىلار ئوزىنى قاچۇرغان ئىشلار ئۇنىڭ زىممى-
سىگە چۈشۈپ قالاتتى.

زىبۇ-زىننەت شىركىتى بۇيۇملارنى سېتىش يوللىرىنى تەش-
ۋىق قىلىپ كېڭەيتىش ئۈچۈن، دائىم نۇتۇق سوزلەش يىغىنلىرىنى
ئېچىپ، كىنو قويۇپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا، كىرگەنلەر-
دىن ئىشىكتە تۇرۇپ بىلەت يىغىدىغانغا ئوخشاش يېنىك ئىشلارنى
باشقىلار تالىشىپ قىلىشاتتى، ئەمما چىڭپىڭ ئۈستەل-ئورۇندۇقلارنى
يوتكەش، يىغىن تەرتىۋىنى ساقلاش قاتارلىق ھەشمى جىق ئىش-
لارنى قىلاتتى. لېكىن دوكلات ۋە كىنو باشلىنىش بىلەنلا، ئىشىك

تۇۋىدىكى بىلەت يىققۇچىلار غىپپىدە زالغا كىرىپ كېتىپ، ئىشىك ساقلاش ئىشى چىكىپىگىغا قالاتتى. ئۇ: "لاغايلاپ يۈرۈۋېرىپ كېچىكىپ قالغانلار بولۇپ قالمىسۇن" دەپ زالنىڭ چوڭ ئىشىگىگە ئېرىنچەكلىك بىلەن يۆلەنگىنىچە بىلەت يىغىشقا مەسئۇل بولۇپ قالاتتى.

30 يىلدىن بۇيان چىكىپىك مانا مۇشۇنداقلا قىلىپ ئوتۇپ كەلدى. شىركەتتە ئۇنىڭدەك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغىلا ئىگە بولغانلار كوپ ئىدى. لېكىن بىرقانچە يىل ئوتە-ئوتمەيلا ئۇلار مۇناسىپ خىزمەت ئورۇنلىرىغا يوتكىلىۋالاتتى. ھەر قېتىمقى خىزمەت يوتكەش، ئوستۇرۇشلەردە يالغۇز چىكىپىنىڭغىلا نۆۋەت تەگمەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ مۇشۇنداق سەۋرچانلىقى بولمىغاندا توگىشىپ كەتكەن بولاتتى. بىلىش كېرەككى، ئۇنى بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كەلگەن توپ سەۋەپ ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىك قىلمەن دەپ ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىزلىق قىلغانلىقى ۋە ئاق كوڭۇللۇكنى ئاشۇرىۋەتكەنلىكىدە ئىدى.

ئانى قىلىۋەرسە ئەللىكمۇلىلا دەپ — ئاچچىقلانماي تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. لېكىن ئۇ ئاچچىق بىلەن ئاچچىقىنى بېسىپ ئەتەي بىرىسگە چېقىلمايتتى؛ ھېچكىمگىمۇ ئۇنچىلا ئوچمەنلىك قىلىپ كەتمەيتتى-يۇ، لېكىن خۇددى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ دۇشمەنىدەك تۇيۇلاتتى. ئويلاپ قارىغاندا، چىكىپىكغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، M زىبۇ-زىننەت شىركىتىنىڭ خادىملىرىنى زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار، باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا چىكىپىنىڭ ھەممىدىن بىرئاز رايى قايتىپ، بولغۇچىلىقىم مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ مەيۈسلەنگەن ھالدا نىمە خىزمەت ئۆتتىرىلسە، شۇ خىزمەتنى چىشىنى چىشلەپ، ئۆزىگە ھاي بېرىپ، ئىمكانىقەدەر ئاچچىقلانماي ئىشلەيتتى.

لېكىن چىكىپىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئاچچىق چىقىرىش ئۇ-

سۈلى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىلا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋې-
تىش ئىدى. 2 - 3 يىل مابەينىدە ئۇ تولا چۈش كۆرىدىغان بو-
لۇپ قالغان ئىدى. چۈشىدە هامان باشلىقلار بىلەن ئەمەس، ياش
خىزمەتچىلەر بىلەن مانا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ غەزىۋىنى - قەھرى-
كەلتۈرىدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇرۇشۇپ چىقاتتى. چۈشىدە
ھەممىشەم پۇخادىن چىققۇچى مۇشتلىرىنى ئېتىپ قارنى - كوكسى-
دىكى دەرتلىرىنى چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈشىدە دائىم دىگۈ-
دەك ئۇنى جىن - ئالۋاستىلار قىيناپ ئازاپلايتتى. فاكى جىمۇ ئۇنىڭ-
دىن رەنجىپ، ئوتكەن يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر
يوتقاندا يېتىشقا ئۇنىمايدىغان بولۇۋالغان ئىدى.

شۇنداقتىمۇ چىڭپىڭغا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان خو-
شاللىق ئىشلار نېسىپ بولىدىغان پۇرسەتمۇ كەلدى. بىر كۈنى بىر
ياش خىزمەتچى ئۇنى چاقىرىپ:

— بۇرادەر، بولۇم باشلىقى سىزنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىۋا-
تىدۇ، — دىدى.

چىڭپىڭ بولۇم باشلىقى داگوەننىڭ يېنىغا باردى.

— بۇ قېتىمقى شىركەت بويىچە ئوتكۈزىلىدىغان مۇكاپاتلاش
تېببىرىكلەش يىغىنىدا مۇكاپاتلىنىدىغان بولىدىڭىز. 30 يىلنى بىر
كۈندەك ئوتكۈزۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ كەلدىڭىز، بۇنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. يىغىندا دۆڭ شىجاڭ ئۆز قولى بىلەن
تەقدىرنامە بېرىدۇ. يەنە مۇكاپات سوممىسىمۇ بار. ھەي، نىمە بولسا
بولسۇن، بۇ ئوبدان ئىش - تە!

بولۇم باشلىقى داگوەننىڭ تەلەپپۇزى بىرئاز تۆۋەن بولۇپ،
ئادەتتىكى كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ يەنە، يالغۇز چىڭپىڭ-
نىلا تەقدىرلىگەچكە، كېيىنچە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغۇلۇپ قالمىسۇن
دەپ، بۇ ئىشنى يېيىۋەتمەسلىكنى تاپىلىدى. چىڭپىڭ ئارانلا زو-
ۋانغا كېلىپ:

— خوپ، — دېدى ـ دە، جايىدا ھاڭۋېقىپلا تۇرۇپ قالدى.

بولۇم باشلىغىنىڭ "30 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ كەلدى"، دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىپ، بۇنىڭغا 30 يىللىق ئۇ رىنىڭ ھەقىقىي ۋەزنىنى ھېس قىلدۇردى. خىزمەت ئىستاژى 30 يىلغا يەتكەن، يەنە كېلىپ شىركەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئىزچىل شۇ شىركەتتە ئىشلەپ كېلىۋاتقانلاردىن دۆڭ شىجاڭ قاتارلىق بىرقانچەيلەندىن باشقا، پەقەت چىڭ-پىڭلا قالغان ئىدى. 30 يىل بىر ياقتا تۇرسۇن، 10—15 يىلنى باشتىن كەچۈرۈپلا ئاخىر بىرلا ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتقانلارمۇ بارماق بىلەن سانىغىدەكلا ئىدى.

— ئوبدان ئىشلىگەنلەرنىڭ ئەجرىنى تەڭرى يەردە قويمايدۇ، — دېدى داگۇەن.

بولۇم باشلىغىنىڭ سۆزىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، چىڭ-پىڭنىڭ خىزمەت ئىپادىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن مۇكاپاتلاش رەسمىيىتى ئۆتەلگەنلىك چىقىپ تۇراتتى. چىڭ-پىڭ ئەمەلىيەتتىمۇ مەن راست شۇنداققۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، بۇ ئىشتا ئۆزىدىن 15 ياش كىچىك بولۇم باشلىغىدىن بەكلا مىننەتدار بولدى.

چىڭ-پىڭ شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، فاڭ جى قۇدۇق بېشىدا سەي چىلايدىغان تۇڭنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ فاڭ جىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ جىددى ھالدا بىر ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

چىڭ-پىڭ فاڭ جىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ھول قولىغا تىكىلگىنىچە، شىركەت بويىچە ئۆزىنىڭ مۇكاپاتلىنىشقا كۆرسىتىلگەنلىكىنى تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ بەردى. دەسلەپتە فاڭ جىنىڭ چىرايىنى گۇمان تۇمانلىرى قاپلىدى. بىر دەقىقىدىن كېيىن، ئۇ بىرەر تۇۋقىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندەك، ھەسرەتكە چوككەن ھالدا:

— تەگری ھەقىقەتەنمۇ بەندىنىڭ ئەجرىنى يەردە قويمايدى-
كەن، — دېدى.
چىڭگىپىڭ تولىمۇ مومىن، ياخشىچاق ئادەم ئىدى. يېقىن-
دىن بۇيان فاڭ جى ئېرىنىڭ بۇنداقلىقىنى ئۇنىڭ نۇقسانى دەپ
قاراشقا باشلىغان ئىدى. ئەگەرچەندە شۇ نۇقسان ئۇنىڭ ئار-
تۇقچىلىقى دەپ قارالسىمۇ، يەنە ياق دېمەيتتى. شۇ چاغدا فاڭ
جىنىڭ قەلبى چوغدا كويۇۋاتقاندەك پىژ - پىژ قىلماقتا ئىدى.
مۇنداق ھەسرەتلىك روھىي ھالەت خوتۇن بولغان كىشىدىلا
بولاتتى.
چىڭگىپىڭ فاڭ جىنىڭ سوزى بولۇم باشلىقىنىڭ كوز-
قارىشىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كوڭلىدە ئويلاپ، بولۇم باشلىقى
جېكىلىگەن سوزنى تەكرارلىدى:
— تېخى ئېلان قىلىنمىدى، سىرتقا يېيىلىپ كەتمىسۇن، —
دېدى.
بۇنىڭ بىلەن فاڭ جىنىڭ ۋالاقتەككۇر ئاغزى تۇۋاقلاندى.

تەبرىكلەش يىغىنى سائەت 2 دە باشلىنىدىغان بولدى.
يىغىنىدىن ئىلگىرى چىڭگىپىڭ ئاتكىرىتكىغا ئادرېسلارنى يېزىش،
ئېلان رەسىملىرىنى يوگەش بىلەن بولدى. ئۇ شۇ پارچە - پۇرات
ئالۋاڭ قاتارىدىكى ئىشلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ پۇتتۇرۇپ ئوت-
كۇزدى. بۇ ئىشلارنى ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا 3 كۇندە ئاران
قىلىپ بولغان بولاتتى، ئەمما بۇگۇن يېرىم كۇندىلا پۇتتۇرۇپ
بولدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ دەم ئېلىۋېلىش ئۇچۇن ۋاقىت تېپىپ،
شىركەتنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقاتتى، بەزىدە قەھۋەخانىغا كى-
رىپ قەھۋە ئىچىپمۇ قوياتتى. گاھ خىزمەت ۋاقتىدا بىرئاز ۋاقىت
چىقسىلا غىپىلا قىلىپ سىرتقا چىقىپ كېلەتتى. لېكىن بۇگۇن
ھاجەتخانىغا بارغاندىن سىرت، ئاساسەن ئىش ئۇستىلىدىن نېرى
كەتمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ كوزلىرى ئۇزىگە

تىكىلىپ تۇرغانىدەك ھىس قىلىپ، ئىش ئورنىدىن ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئۆز مەيلىچە كېتىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

سائەت ئىككىگە يېقىن، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ئورە تۇرۇشتى، تەبرىك يىغىنى يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇراتتى؛ يىغىن داۋامىدا ئورە تۇرۇپ پەۋە ئىچىشكە بولاتتى، يەنە ھاراق زاكوسكىسىمۇ بار بولۇپ، شىركەتتىكى بارلىق خادىملار بىرلىكتە رۇمكا كۆتىرىشى مۇمكىن ئىدى.

پىلان بولۇمىدىكىلەر ئىشخانىدىن ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئورنىدىن قوزغىلىپ، كارىدورغا چىققان چىكچىك بولدى. بازارغا سېلىش بولۇمى، كېڭەيتىش بولۇمى قاتارلىق باشقا بولۇم خادىملىرىمۇ كەينى - كەينىدىن يىغىن زالىغا كېتىشىپ باراتتى. چىكچىكمۇ شۇلارغا قېتىلىپ، زالغا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، قايرىلىپلا ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەينەككە قاراپ گالستۇكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، چاچلىرىنى تاراپ ھاجەتخانىدىن چىقتى.

شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، ئۇ شۇ پەيتتە زالغا كىرىپ كېتىۋېتىپ بىرخىل غەلىتە كېلىشمەسلىكنى ھىس قىلغانىدەك بولدى - دە، زالنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئاندىن پەلەمپەيىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىراقلا 3 - قەۋەتكە، 4 - قەۋەتكە، ۋە 5 - قەۋەتكە چىقىپ، بىر دەم تۇرۇۋالدى، ئارقىدىنلا لەمپىگە چىقتى. سائىتىگە قاراپ 2 گە 2 مىنۇت قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇ يەردە 2 مىنۇتلا تۇرۇپ ئۆپكىسىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، ئاندىن زالغا كىرمەكچى بولدى.

قاپاق ياردى ئوتتۇپ، ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتكەن ئىدى. شىمالنىڭ سوغاق شامىلى لەمپىگە غوۋقۇراپ ئۇرۇلۇپ، چىكچىكنىڭ ھېلىلا ھاجەتخانىدا تارىۋالغان چاچلىرىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇزۇپ پاخىماق قىلىپ قويدى. چىكچىك شامال بىلەن كارى

بولماي، يەراقلاردىكى كوچىلارغا كوز تىكتى. كوچىلار بوراندا چاڭ-توزاڭغا چۇمكىلىپ قىلىۋاتقاندەك غۇۋا - خۇنۇك ھەم سوغاق يىقىمسىز كورۇنمەكتە ئىدى.

چىكىپىڭ خىيالغا پاتقاندىن كىيىن، ماڭاي دەپ سائەتكە قاردىۋىدى، 2 دىن 2 مىنۇت ئوتكەنلىكى بىلىندى. چاتاق، يىغىن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇرما شەكىللىك پەلەمپەيدىن تىۋەنگە چۇشۇپ، 2 - قەۋەتتىكى زالنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ھاجەتخانىغا كىرىپ يەنە ئەينەككە قارىدى، چاچ دىگەن چاڭگا بولۇپ كەتكەن. ئۇ دەرھال تاغاقنى ئېلىپ چىچىنى تارىۋالدى - دە، ئادەم يوق كاردىۋر بىلەن يىغىن زالىغا قاراپ ماڭدى.

زالنىڭ ئىشىگى يىپىقلىق بولۇپ، ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ بوسۇغىغا بېرىپ توختىدى، زالنىڭ ئىچىدە دوڭ شجاڭ سوزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. زالنىڭ ئىچى تىپ - تىچ بولۇپ، باشلىقتىن باشقا ئادەم يوقتەك قىلاتتى. چىكىپىڭ ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئىشىكنى ئىتتىرەي دەۋېتىپ بىردىنلا بۇگۇن ئوزى بىردىن - بىر مۇكاپاتلانغۇچى بولغانلىقتىن بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئوزىگە بىردەك كوز تىكىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ گاڭگىراپلا قالدى. چۈنكى ئۇ باشقىلار مېنى ئوزىنى كورسىتىش ئۇچۇن ئەتەي كىچىكىپ كەپتۇ دەمدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ بۇ ئويغا كېلىشى بىلەنلا، ئىشىك تۇتقۇچى تۇتۇقلۇق قولى بوشىشىپلا كەتتى.

ئۇ قولىنى ئىشىك تۇتقۇچىغا قايتا سۇنغاندا، زالنىڭ ئىچىدىن توساتتىنلا ئورۇندۇقلارنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرى ۋە "ئوھۇ"، "ئوھۇ" لار ئاڭلاندى. چىكىپىڭ قولىنى يەنە چۇشۇردى. ئارقىدىنلا زال ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى. بەلكىم، جىڭلى سوزلەپ بولۇپ، دوڭ شى مۇنبەرگە چىققان بولسا كېرەك، پاق - پاق قىلغان چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. چىكىپىڭ دوڭ شىنىڭ بەتنىيەت

ۋە رەھىمسىز كوزلىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىشىكنى ئىچىشقىلا دۈك شىنىڭ كوزىگە چېلىقىدىغانلىغىنى ئويلاپ بىر ئاز بىارام بولدى.

چىڭپىڭ زالىنىڭ سىرتىدا خېلىغىچە ئارىسالدا بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى بوسۇغىدىن يىراقلىشىپ، باياىقى پەلەمپەي بىلەن قايتا لەمپىگە چىقتى. ئۇ سائىتىگە قارىۋىدى، 12 مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن! "بەلكىم بولۇم باشلىغى شۇ پەيتتە مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقاندۇ" دەپ ئويلاپ بىر ھازا ئۈمىتسىزلىككە چۈشىدى-دە، يۈز-كوز ۋە ئالقانلىرىدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى.

چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن چىڭپىڭ لەمپىدىن تۆۋەنكى قەۋەتكە قاراپ لەلەگشىپ ماگدى. 3-قەۋەتكە كەلگەندە، پەلەمپەي ئاستىدىن بولۇمدە بىللە ئىشلەيدىغان بىر ياش خىزمەتچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي بۇرادەر! نىمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ھاماقەت، تېز چۈشۈڭ!

ئاۋازىدىن بۇ خىزمەتچىنىڭ ناھايىتى ئالاقزادە بولغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ بۇرۇلۇپلا ئەڭ ئاخىرقى 5 - 6 پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشكىنىچە، زالغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ، چىڭپىڭ بارغانسېرى بىئاراملىقتا چۈشۈپ، دەككە-دۈككىلىكتە قالدى.

ئاياق تىۋىشى بېسىلغاندىن كېيىن، چىڭپىڭ تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ 2-قەۋەت كارىدورىنىڭ بىر بۇرجىگىگە قارىۋىدى، ئۇ يەر نىمىشقىدۇر چىڭپىڭغا قورقۇنچلۇق كورۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۇقۇرىغا چىقىپ 3-قېتىم لەمپىگە كېلىپ ئۆزىنى ئىزغىرىن شامالغا سالدى.

بۇ نۆۋەت چىڭپىڭ خۇددى شامال ئۇچۇرغاندەك ئىختىيارسىز ھالدا جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاستا-ئاستا ماگدى، لەمپىنىڭ شىمال تەرىپىگە بېرىپ، تومۇر رىشاتكىنى تۇتۇپ تۇ-

رۇپ، شىمالدىن يەنە جەنۇپقا قاراپ... شامالغا قارشى ماڭدى. ئۇ مۇنداق شامالغا قارشى يۈرۈشلەردە ئىلگىرىمۇ شۇنداق ھىسسىياتلارغا چومگەن ئىدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، كوڭلىدە ئويلىغان شۇ ئويلىرىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىنى قويماي ئەسكە ئالماق بولدى. ئۇ ياش چېغىدا قوغلاش پاراخودىدا ماتروس بولغان چاغلىرىدىكى بىرقانچە قېتىملىق بوران-چاپقۇنلارنى دەرھال يادىغا ئالدى. ئۇ گويا داۋالغۇۋاتقان پالوبىدا تۇرغاندەك مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، شامالغا قارشى ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك ھىسسىياتقا كەلدى. بىنانىڭ ئوگزىسىدىكى بايراقچە شامالدا لەپىلدەۋېرىپ يىرتىلىپ-تىتىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن دەھشەتلىك مەنزىرە بولۇپ كورۇندى.

ئۇ ماڭغاچ دىمىغىدا "ھىم!"، "ھى!" دەپ تاپانچا ئاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇتلا ئۇ ئىچ-ئىچىدىن غەزەپكە كېلىپ، جىگلى، دۈكشى، بولۇم باشلىغى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ شۇلارنى چاينىۋەتكۈسى كەلدى-دە: "خەپ، ئۇلارغا ئوزەمنى بىر كورستىپ قويمىسام!" دەپ ۋاقىرىۋەتتى. ئىزغىرىن شامالدا ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوچمەنلىك، نارازىلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇ ئېسىنى يىغىپ سائەتكە قارىۋىدى، 3 كە چارەك قالغانلىغى ئايان بولدى. ئۇ 50 يىللىق ھاياتى مابەينىدە زادىلا بۇنداق غەلىتە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلدى. ئۇ ئوزىنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى قىلغىنىنى گويا بىرقانچە كۈن، ھەتتا بىرقانچە يىل ئىلگىرى پىلانلاپ قويۇپ، ئەمدى شۇ پىلانى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقاندەك ھىس قىلدى. شۇنداق ھىسسىياتقا كېلىش بىلەنلا، ئۇنىڭغا راستىنلا شۇنداق ئىشتەك سېزىلدى.

سائەت 3 بولغاندا چىڭپىڭ چىرايى تاتارغان ھالدا

تووۋەنىگە چۈشۈپ، پىلان بولۇمىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. بولۇم خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇنىڭ سىياقىدىن يەنىلا تەڭسىزلىكىكە غەزەپلەنگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ئۇزۇنىنىڭ ئىش ئۇستىلى يېنىغا كەلدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ سىززە!

بولۇم باشلىقى ئۇنى كورۇپلا چالۋاقاپ كەتتى. چىڭپىڭ ئۇندىمەستىن بېشىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قويدى.

— بۇ زادى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش بولدى! مۇكاپاتىڭىزنى سىزگە ۋاكالىتەن ئېلىپ قويدۇم.

داگوەن غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا ئىككى ئالقىنىنى ئۇستەلگە تىرەپ، ئېڭىشكەن ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ ئەپتىدىن، "ئالغان ئىكەنسەن، ئەكەت!" دىگەندەك مەنا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دۆگلەك ئىلىپ يوگەلگەن تەقدىرنامە بىلەن مۇكاپات پۇلى ئورالغان قەغەزنى ئۇستەلنىڭ لېۋىگە ئىتتىرىپ قويدى.

چىڭپىڭ سۇرىلىپ بېرىپ، بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، ئوز ئورنىغا يېنىپ كەلدى-دە، مۇكاپات پۇلنى يانچۇغىغا، تەقدىرنامىنى تارتمىسىغا سېلىپ قويدى.

مۇئاۋىن بولۇم باشلىقى شى جىڭ كەيپىياتىنى پەسەيتىش يۈزىسىدىن:

— بۇرادەر، $R$ ئېلان شىركىتىگە بېرىپ، ئېلان رەسىملىرىنى ئېلىپ كېلىڭ، — دىدى.

چىڭپىڭ تۇنجى قېتىم غەزەپلىك كوزلىرىنى شى جىڭغا تىكىپ تۇرۇپ، خېلى تەسلىكتە ئۇنىڭ سوزىنى قىقىپ تاشلىدى:

— $B$ گېزىتخانىسىغا كوررېكتور نۇسخىسىنى كورگىلى بارىمەن! باشقىلارمۇ ھېچ ئىشى يوق يۈرۈشىدىغۇ!

$B$ گېزىتخانىسىغا بېرىپ، ئوگۈنلۈككە گېزىتكە بېسىلىدىغان ئېلاننىڭ كوررېكتور نۇسخىسىنى كورۇشمۇ ئۇنىڭ بۇگۈنكى يىغىندىنى

دىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ۋاھالەنكى بىر تالاي ياش خىزمەتچىلەرنىڭ بىكارچىلىقتىن تام - دەردىزىلەرگە يولىنىشىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى بۇگۇنلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى.

چىكىپىڭ شى جىگىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ھېلىلا ئۆزى دېگەن بايىقى ئالۋاڭلارنى ئويلىغاچ، ئىشخانىدىن چىقىپ، $B$ گېزىتخانىغا بارماقچى بولۇپ، ئەمدىلا بىنادىن چۈشۈپ تۇرۇۋىدى «سىزگە زادى نېمە بولدى؟» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئايالى فاڭ جىنىڭ قورۇنغان ھالدىكى ئاۋازى ئىدى. ئۇ شۇ يەردە ئېرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. فاڭ جى باشقىلاردىن ئېرىنىڭ مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. چىكىپىڭ ئۇنچىقماي بىر بولاق پۇلنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، فاڭ جىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىن ئۆتۈپ، كوچىغا چىقتى.

— مەلئۇن، ئالدى بىلەن ئاشۇ تەنتەكنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويمىسام زادى بولمىغىدەك.

چىكىپىڭ ئادەم مىغىلداپ كەتكەن كوچىغا چىقىپ كوتۇلدىماقتا ئىدى. ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كوڭلىدە زادى قايسى تەنتەكنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. بەلكى بۇ سوزلەرنى كوپىنچە، شۇنداقلا مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىگە دېگەندۇر، ئۇ چوڭ يولغا چىققاندىلا، پەلتوسىنى كىيمىگەنلىكىنى سەزدى - يۇ، لېكىن شىركەتكە يەنە قايتىپ بېرىشقا ئېرىنىپ يولغا كېتىۋەردى.

— ھوي! — كۇتۇلمىگەندە ئۇ فاڭ جىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. لېكىن بۇرۇلۇپمۇ قويماي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى 30 يىل ئىچىدە پات - پات چۈشىدە ئويغىنىدىغان مۇھەببەتلىرى ئەمدى كوڭلىدە غەشلىك

پەيدا قىلغاندەك ئىدى.

— هوي!

فاڭ جى ئۇنىڭ كاستيۇمىنىڭ پېشىدىن تارتتى.

— هازىر كېزىتخانىغا كېتىۋاتىمەن، سائەت توتكە ئۇلگۇرۇپ بارمىسام بولمايدۇ.

ئۇ فاڭ جىڭغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا بىر قاراپ قويۇپ، ئادەتتە خىزمەتتە ئالدىراپ پايپېتەك بولغاندەك، ئالدىراپ - سالدىراپ، قەدىمىنى تېز - تېز ئېلىپ $B$ گېزىتخانىسىغا قاراپ راۋان بولدى.

فاڭ جى كىملەرنىدۇ قاغىغىنچە كېتىۋاتقان چېكىپسىگىنى كوچىنىڭ يېرىمىغىچە قوغلاپ باردى - دە، بىردىنلا توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ چېكىپسىگىنىڭ كېچىلىرى چۇشەكىگەندە قىلىدىغان مۇنۇ سوزىنى ئاڭلىغاندەك بولدى:

— بۇنىڭدىن زەپمۇ بەزدىم.

فاڭ جىنىڭ نەپرەتلىك كوزلىرىدىن خۇددى ئېرىنىڭ كارۋىنىدىن ئايرىلىپ، قىزىنىڭ ياندىكى هوجرىسىغا كوچۇپ چىقىۋاتقان چاغدىكىدەك مۇز ياغدى؛ ئۇ كوزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە يىراقلاپ كېتىپ بارغان چېكىپسىگىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، قاراپ قالدى ئەمەس، قالايمىقان ئادەملەر توپى ئىچىدە بىر هازاغىچە هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى....

ئازات سونۇر تەرجىمىسى

(«ئوكتەبىر» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 1 - سانىدىن).

# ئاجايىپ قىزىق بىر ئىش

ۋ. شىشكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئاتاقلىق كەشپىياتچى، ماشىنىسازلىق ئىنژېنېرى فېدور پاۋلوۋىچ كايروشكىن لېنىنگرادتىكى بىر زاۋۇتتا سېخقا رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇ زاۋۇت ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ۋاقتىدا كەم بولسا بولمايتتى. ئەسلىدە ئۇنى سىبىرىيىگە تارقاقلاشتۇرۇش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندا موسكۋادىن يەنىلا بۇرۇنقى ئورنىدا خىزمەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەن ئىدى.

1941- يىلدىن 1942 - يىلى قىشقىچە، ئىنژېنېر كايروشكىن بارلىق لېنىنگرادلىقلارغا ئوخشاش سوغاق ۋە ئاچارچىلىقنى باشتىن كەچۈردى. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۈمىتسىزلەنمىدى، ئەكسىچە تولۇپ - تاشقان ۋەتەنپەرلىك ھىسسىياتى بىلەن داۋاملىق ھالدا ۋەتەنگە ئېھتىياجلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ زاۋۇدى ئالدىنقى سەپ؛ ئۇنىڭ خىزمەت ئىشلەيدىغان بولۇمى يىمىرىلمەس ئىستىھكام بولۇپ، ئۇ يەردە قىلچە قورقۇنچاقلىق ۋە تەۋرىنىشلەرگە يول قويۇلمايتتى.

بىراق، ناچار شارائىتتا مىتالمۇ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. چويۈن ئۈزۈنغىچە سوغا چىلىشىپ تۇرسا، ئۇ يەنىلا چويۈن بولۇپ تۇرۇ - ۋەرمەيدۇ — ئۇنى خۇددى ئىرىمچىكتەك پىچاق بىلەن كېسىپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانداقلا مەش بولمىسۇن، ئەگەر يېتەرلىك يېقىلغۇ بولمىسا، ئۇمۇ ئاستا - ئاستا سوۋۇيدۇ. ئىنژېنېر كايروشكىنمۇ يەيدىغان ئاشلىقى يېتىشمىگەنلىكتىن ئاجىزلاپ كەتتى؛ بارا - بارا

قان ئازلىق كېسىلى تۈپەيلىدىن چوڭ مېڭىسىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشى يېتەرسىز بولۇپ، نېرۋىسى ئاجىزلاشتى، پىكىر قىلىشىمۇ توۋەنلەپ كەتتى. زاۋۇت باشلىقى ئۇنى مەخسۇس دوختۇرخانىغا ئەۋەتىپ بىر مەزگىل داۋالىتىشنى قارار قىلدى.

ئەمما بىرلا تېلېفون بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. تېلېفون كېچە سائەت 1 دە كەلگەن ئىدى:

— سىز كايروشكىنمۇ؟ مۇنداق ئىش، ئۇكا، موسكۋادىن بىر خالتا يېمەكلىك ئەۋەتىلگەن ئىكەن. سىزگە ۋە باشقىلارغا. شەخسىدىن كەلگەن. سىزدە شەھەر رايونىنىڭ كېچىدە يۈرۈش كېنىشكىسى بارمۇ؟ ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى! چاڭغا بىلەنلا كېلىڭ. سىلەرنىڭ ئۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس.

بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئۆيىدە پۇختا بىرزېنتتىن ئىشلەنگەن خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش خالتىسىنى ئاچتى. خالتا ئۈستىدىكى ئادرىس مۇنداق ئىدى: "18- نومۇردىكى ف. پ. كايروشكىنغا تېگىدۇ."

ياپىرا! بۇنى قانداقمۇ پوچتا خالتىسى دىگىلى بولسۇن! شۇنچە كوپ خۇش پۇراق، قورۇتۇلغان قارا بولكا، يوغان بىر پارچە سېمىز چوشقا گوشى، ئىككى كىلو سېرىق ماي، ئىككى كىلو قۇم شېكەر، يەنە بىرمۇنچە گۆرۈچ، بىرنەچچە قۇتا سۈت كونسېرۋاسى ۋە يەنە خىلمۇ-خىل كونسېرۋالار بار ئىدى. ئۇ نەرسىلەردىن باشقا 30 نەچچە تال ئالى سورتلۇق شاكالات چىقتى. شاكالاتمۇ بار ئىكەن-دە...... بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولدى.

"مەن بىر ئادەم بۇنچىلا جىق نەرسىنى قانداقمۇ ئىشلىتىپ بولالايمەن؟ — دەپ ئويلىدى كايروشكىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، — مۇنداق قىلاي، مەن بۇنى باشقىلارغا بولۇپ بېرەي."

ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنى ئانىسى بولىدى. ئانىسى ھازىر قەيەردە؟ ئۇنىڭ ياشانغان ئانىسي ۋورونىژ شەھىرىگە تارقاق-

لاشتۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىكى جىسيەن قىزىنىڭكىگە كەتكەن ئىدى.
كايىروشكىن ئۇ يەردىن پەقەت بىر پارچىلا خەت تاپشۇرۇۋالغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا توپ - توغرا 7 ئاي بولۇپ قالدى. ھازىر
ئۇ ئانىسىدىن قايتا كەلگەن خەتنىڭ ئۈزىگە تەگمەيۋاتقانلىقىنى
ياكى ئانىسى ۋورونېژ شەھرىدىن باشقا جايغا يوتكىلىپ كەتكەنلىـ
كىنى بىلمەيتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئانىسى شارائىتى ياخشىراق
يەردە تۇرغىنى تۈزۈك.

ئۇنىڭدىن قالسا ھەدىسى. ئۇنىڭ ھەدىسى ئېنگلىز تىلى
ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئىنستىتۇت بىلەن بىللە قازان شەھرىگە
تارقاقلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇ 4 ياشلىق قىزى تانىچكىنى بىللە
ئېلىپ كەتكەن، ئېرى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان ئىدى. پوسۇلكا
ئۇنىڭغا دەل مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەلكىم شۇ يولدىن ئۆتىدىغان بىرەر
لېيۇتچىكنى تاپسا، شۇنىڭدىن ئەۋەتىشمۇ مۇمكىن. مۇنداق پۇرسەتقۇ
كوپ ئەمەس، لېكىن يوقمۇ ئەمەس.

ئۇ ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

"سۆيۈملۈك ھەدەم ئانىنا، قارا، خۇددى كىرىلوۋ بوۋىمىز:
"خۇدا قاغىغا بىر پارچە ئىرىمچىك ئەۋەتىپ بەردى، دىگەندەك،
ئاق-كوك-ۆل كىشىلەر مېنى ئويلاپ، موسكوۋادىن ماڭا نەرسە - كېرەك
ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ ئىرىمچىكتىن بىر پارچە كېسىپ ساڭا ئەۋەتتىم.
مەن ئەسلى ساڭا كوپرەك ئەۋەتەي دەپ ئويلىغان بولسامۇ لېكىن بۇ
لېيۇتچىكلارنىڭ قانداق نىملەر ئىكەنلىكى ئۆزەڭگىمۇ ئايان، تونتىن
بىر كىلو نەرسىنى كورسىمۇ قاپىغىنى تۈرۈۋالىدۇ. دىمىسىمۇ، ئۇلاردىن
نەرسە - كېرەك ئەۋەتىدىغان بىرلا كىشى ئەمەس، بەلكى نەچچە
ئونلاپ كىشى، شۇڭا ساڭا ۋە تانىچكىغا يېرىم كىلو چوشقا گوشى
بىلەن 27 تال شاكالاتنىلا ئەۋەتتىم. مەن ھايات كەچۈرۈۋاتىمەن،
بەلكى خۇددى قانات چىقىرىپ كەك زىمىندا پەرۋاز قىلىۋاتقانغا
ئوخشاش جان ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. كۈن بويى قىلىنىدىغان بومبار-

دىمان، مۇھاسىرە، ياغدۇرۇلغان ئوق — ھەممىنى جىن ئۇرسۇن! مەن بىر كىچىك نەرسىنى كەشىپ قىلدىم، بۇ نەرسە گېرمان فاشىستلىرىنىڭ دېتىغا ياقمايدۇ، بۇندىن باشقا، ئۇ يەنە ھەر يىلى ئىككى مىليون رۇبلى ئىقتىسات قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن كېيىنكى نۆۋەتلىك ھوكۇمەت مۇكاپاتى بېرىلىدىغانلارنىڭ نامزاتى بولۇپ سايلاندىم. مېنىڭ خۇشاللىقىمغا ئورتاقلىشارسەن! ئەمدى مەن ساڭا ئۆزەمنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى، لېنىنگرادتىكى تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق ئوتۇۋاتقانلىقىنى سوزلەپ بېرەي......"

خەت ناھايىتى تەپسىلى يېزىلىدى. ئۇ، بۇ خەت بىلەن پوسۇلكىنى قوماندانلىق ئىشتابىغا ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ بىر دوستىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ دوستى پود پولكوۋنىك زىۋىتكوۋ ئىدى. پود پولكوۋنىك ئۇنىڭغا:

— بولىدۇ، چوقۇم شۇ بويىچە ئورۇنلايمەن. بىر - ئىككى كۇندىن كېيىن قازانغا ئۇچىدىغان ئايرۇپىلان بار، — دىدى.

كوپ ئوتمەي، بىر كىشى قازاننىڭ قابان كولى بويىغا جايلاشقان ئوي - جاي رايوندىكى بىر ئاددى ئوينىڭ ئىشىگىنى چەكتى. بۇ دەل سەھەر ۋاقتى ئىدى. تانىچكا تېخى ئۇخلاۋاتاتتى، ئانىنا پاۋلوۋنامۇ ئەمدىلا ئويغانغان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن كوينىكىنى كىيىپ، چىچىنى تاردى - دە، ئىشىككە قاراپ:

— توختاپ تۇرۇڭ! — دەپ ۋاقىردى. ئۇ دەرىزە پەردىسىنى قايرىۋەتكەن ئىدى، باھار قۇياشىنىڭ نۇرلىرى دەرىزە سىرتىدىن ئېتىلىپ كىردى، ئەمدىلا يوپيۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان ئاق قېيىن دەرىخنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئىللىق زەڭگەر ئاسمان كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى.

سىگانلارغا ئوخشاش قاپ - قارا، ھەربى كىيىم كىيگەن بىر ياش لېيۇتچىك كىرىپ كەلدى، ئۇ ھەربىچە سالام بېرىۋېتىپ:

— كېچىرىڭ، مەن يېڭىلىشمىغاندىمەن؟ سىز ئانىنا پاۋلوۋنالى-

ۋىرىننا بولامسىز؟ ھە، سىز ئىكەنسىز-دە؟ تېپىپتىمەن. مەن سىزنىڭ شەخسى گۇۋاھنامىڭىزنى كورۇشكە ئوڭايسىزلىنىۋاتىمەن......بولدى، بولدى، ئىزلىمەڭ......سىزگە لېنىنگرادتىن پوسۇلكا ئالغاچ كېلىۋېدىم،- دىدى. ياش كىشى سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، بومەزىدىن تىكىلگەن خالتىغا سېلىنغان بىر كىچىك بولاقنى چىقاردى، ئۈستىگە: "ئاننا پاۋلوۋنا لەۋىرىنناغا تېگىدۇ" دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئىسىم ھەرپلىرى خىمىيىۋى قېرىنداش بىلەن يېزىلغان باسما ھەرپلەر ئىدى. بۇنى ئۇنىڭغا كىم ئەۋەتكەندۇ؟

— بۇ پوسۇلكىنى ماڭا كىم ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى ئاننا پاۋلوۋنا.

— سىز مېنى ھەرقانچە قىستىسىڭىزمۇ بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەل-مەيمەن!

— بۇنى سىزگە كىم بەردى؟ بەلكى مېنىڭ ئىنىم ئېنژېنېر كايروشكىندۇر؟......

— پود پولكوۋنىك زىۋتىكوۋ قوماندانلىق ئىشتاپتا بەرگەن ئىدى.

— پوسۇلكىنىڭ ئىچىدە خەت بارمىدى؟

— بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم پوسۇلكىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇلغاندۇ، ئېچىپ قارىسىڭىز مەلۇم بولىدۇ.

— سىز بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە قەھۋە دەملەپ بېرەي.

—سىزگە كوپ رەھمەت، مېنىڭغۇ بۇ يەردە بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچكىم بار ئىدى، بىراق مەن دەرھال ماڭمىسام بول-مايدۇ......مەن يەنە 12 ئورۇنغا پوسۇلكا ئاپىرىمەن، كەچكىچە ئاپىرالسام چوڭ گەپ......

پوسۇلكا ئىچىدىن ھېچقانداق خەت چىقمىدى.

— پوسۇلكا ئىچىدە يوق ئىكەن، — دىدى ئاننا پاۋلوۋنا مەيۇس ھالدا، ئۇ شاكالاتلارنى ساناشقا باشلىدى: جەمى 27 تال چىقتى.

يەنە بىر بولىقى سېمىز چوشقا گوشى ئىدى. خەتنىڭ بولمىغىنى تازا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى - دە.

— بۇ يەرگە ئىمزا قويۇۋەتسىڭىز، — دېدى لىيۇتچىك تاپشۇ- رۇۋېلىش دەپتىرىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ. رەتلىك كاتەكچىلەرگە نەرسە- كېرەك تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسىم - پەملىسى ۋە ئادرىسىنى يېزىش ئورنى ئاجرىتىلغان ئىدى.

ئاننا پاۋلوۋنا سىيا ئىزلەپ، ئىمزا قويىدىغان چاغدا، لىيۇتچىك يەنە مۇنداق دېدى:

— بەلكى سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ۋەقە تۇغۇلغانلىقىنى بىلەمسىز...... ئايروپىلان ماتورىدىن مەسىلە چىقىپ، چۈشكۈرۈك، يوتەل بىزنى قونۇشقا مەجبۇر قىلدى. بىز ئورخوۋ ئەتراپىدىكى ئايرودۇرۇمغا چۈشۈپ، ئايروپىلاننى رېمونت قىلدۇق، ئايروپىلان بولمىسىدىن بىر نەچچە خىل نەرسىنى ئەپچىققان. ئۇنىڭ ئىچىدە خەت سېلىنغان بىر خالتىمۇ بار ئىدى. لېكىن بىز ئۇنى شۇ يەردە ئۇنتۇپ قاپتۇق. مەن بۇ يەردىن جىددى تېلېگرامما ئەۋەتتىم، خەت چوقۇم تېپىلىدۇ.

لىيۇتچىك كەتكەندىن كېيىن، ئاننا پاۋلوۋنا خېلى ئويلىنىپمۇ، بۇ كىمنىڭ ئەۋەتكەن پوسۇلكىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. كوپرەك "ئىنىم فېدكا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنىسىنىڭمۇ لېنىنگراتا ئاچ يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ يېقىندا يازغان بىر پارچە خېتىدىن ئۇ- لارنىڭ زاۋۇدى سىبىرىيىگە، ئېھتىمال، قورغانغا يوتكىلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. بىراق، بۇمۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى خەت. ھەي، بۇ خەتنى زادى كىم ئەۋەتكەندۇ! ئاننانىڭ تونۇشلىرىدىن ئىستېمنا دىگەن بىر ئايال كىنو ئەرتىسىمۇ ئۇنىڭغا شاكالات ئەۋەتكەن. ئۇ ئاننا پاۋلوۋنادىن ئېنگىلىز تىلى ئۇگەنگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئىككىسى ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. دۇرۇس،

لدوچكا ئىستېپىنانىڭ گۈللىرى، ئەتىرلىرى، تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى ۋە شاكالاتلىرى ناھايىتى كوپ. چوقۇم شۇ ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن!

ئاننا پاۋلوۋنا پوسۇلكىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خوشال بولدى. ئۇنىڭغا تاتلىق يېمەكلىكلەر زورۇر ئىدى. گەرچە ئۇنىڭدىن ئېنگىلىز تىلىدىن دەرس ئالىغان بىر تونۇش لىۋۇتچىك مايور رۇدنىيېۋ ئۇنىڭ قىزى تانىچكىغا يېرىم كىلو ئالى سورتلۇق شاكالات سوغات قىلغان بولسىمۇ، ئاننا پاۋلوۋنا بۇ پوسۇلكىنى تاپشۇرۇۋالغىنىغا يەنە ئىنتايىن خوشال بولدى. رەھمەت، لدوچكا ئىستېپىنا! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ساپ كوڭۇل ئادەملەر تېخى تۈگەپ كەتمەپتۇ. كىشلەر ئارىسىدىكى ئاشۇنداق ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا غەمخورلۇقتىن ئىبارەت مۇقەددەس يالقۇننىڭ ھەرگىز ئۆچۈپ قالمايدىغانلىغىنى ئويلىغاندا، كىشى نەقەدەر شاتلىنىدۇ-ھە!

ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇنداق خۇش مۇئامىلىلىك ئايال ئىدى.

ئۇنىڭغا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى ئىچىدە ئانىسىغا يېتىدىغانلىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان غەمخورلۇغى تانىچكىغا بولغان غەمخورلۇغىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. شۇڭا ئۇ شاكالاتنى ئانىسىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇ ھەر تەرەپتىن باگۇكارغا بارىدىغان كىشىلەرنى ئۇقۇشقا باشلىدى. ناسكا پروخوروۋنا كايروشكىن شۇ يەردىكى جىيەن قىزىنىڭكىدە تۇراتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، لىۋۇتچىك رۇدنىيېۋ خوشاللىغى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ئىزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— پوسۇلكىنى ماڭا بېرىڭ. مەن ئەتە ئۇچىمەن......چەتكە خىزمەتكە بارىمەن. باگۇكاردا چۈشۈپ، ئاندىن روستوۋغا ئۇچىمەن، — دىدى.

ئاننا پاۋلوۋنا پەقەت 3 تال شاكالاتنىلا قالدۇرۇپ قويدى: بۇنىڭ بىرىنى ئۆزىگە، ئىككى پارچىسىنى تانىچكىغا قالدۇرغان ئىدى. قالغان 24 تال شاكالاتنى خەت بىلەن بىللە ئانىسىغا ئەۋەتتى.

ليۇتچىك مايور رۇدنىيېۋ باگوكارغا ئۇچۇپ بارغاندا، كۈن تېخى پاتمىغان ئىدى. ئۇ، مومايىنى كوكتاتلىقتىن تاپتى. موماي غۇچچىدە چىچەكلەپ كەتكەن گىلاس تۈۋىدە پايپاق توقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بىر بوۋاق بالا هارۋىسىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئەتراپىدا تىرىشچان هەسەل هەرىلىرى ۋىژىلدايتتى، چىرايلىق كېپىنەكلەر گۈلدىن - گۈلگە ئۇچاتتى، بىر پۈچىقاق مۈشۈك يەنە بىر ئاسلان بىلەن چونەكلىكتە ئوينىشىۋاتاتتى.

ناستاسىيە پروخوروۋنا ليۇتچىكنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ كوزەينىكنى ئېلىۋېتىپ:

— ياپىر، سىز نىمانچە ئىگىز......ئايرۇپىلان سىزنى كوتىرەلەمدۇ؟ — دىدى.

ئۇ ليۇتچىكنىڭ پوسۇلكىسىنى ئەپكېلىپ بەرگىنىگە رەهمەت ئېيتتى، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تەپسىلى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ليۇتچىكنىڭ مېگىشقا ئالدىراۋاتقانلىغىنى كورۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى - دە، ماڭغىلى قويمىدى. ليۇتچىك ئۇنىڭغا قىزى ئاننا پاۋلوۋنانىڭ باشقىلارغا ئوخشاشلا ياخشى تۇرۇۋاتقانلىغىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئۇ ئىنىسىدىن، يەنى سىزنىڭ ئوغلىڭىز فېدور پاۋلوۋىچتىن ناهايىتى ئەنسىرەيدىكەن،......مۇهىمى، ئۇنىڭ هازىر قەيەردە ئىكەنلىگىنى بىلمەيدىكەن، خەت كەلمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ......پەقەت ئۇلارنىڭ زاۋۇدى سىبىرىيىگە تارقالاشتۇرۇلدى دەپلا ئاڭلاپتۇ.

موماي ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— يوق گەپ! فېدكا يەنىلا لېنىنگرادتا تۇرۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ئۇنى ئالىلبۇرۇنلا سىبىرىيىگە كەتكەندۇر دەپتىكەنمەن، لېكىن 3 كۈنىنىڭ ئالدىدا، مەن جىيەن قىزدەنىڭ ئوغلىنى بالا هارۋىسىغا سېلىپ، ئۇنى ئىتتەرگەچ ئايلىنىپ يۈرەتتىم، شۇنداق قارسام، مەن تونۇيدىغان بىر بوۋاي — ئۇمۇ بىزنىڭ لېنىنگرادلىق — هاسا تايىنىپ، ئاسقالاپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، ئۇ فېدكىنىڭ زاۋۇدىدا ئىشلەيتتى، ئۇنىڭغا مەن: "نىلۇشكا، هەي نىلۇشكا، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟" دىگەن ئىدىم، ئۇ ماڭا: "كېسەل مېنى كېلىشكە مەجبۇرلىدى، تېنىم بەك ئاجىز. ماڭا قىسقا مۇددەتلىك رۇخسەت بېرىشتى. بۇ يەردە مىنىڭ ئۆيۈم بار، قىزىمنىڭكىگە كەلدىم"—دىدى. ئۇنىڭ ئۆزۈن ساقىلى قاردەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئىلگىرى، پېتىر-بورگدا ئۇ دائىم بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدىغان. هەي، مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم، بىر ئۇكسۇپ يىغلاشتۇق......تووا، بۇ قانداق ئىش، قانداق ئىش-هە؟ ئۇنىڭ تۇققانلىرىدىن بەزىلىرى لېنىنگرادتا ئۆلدى، بەزىلىرى جەڭدە قازا تاپتى. ئۇنىڭ 4 ئوغلىدىن بىرى ئۇرۇشتا ئۆلدى، بىرى يارىلاندى......شۇنداق قىلىپ، مەن دەرهال ئوغلۇمغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئادرىسىمنى ئېيتىپ بەردىم...... تاپشۇرۇپ ئالالىغان-ئالالمىغانلىغىنى، قاچان تاپشۇرۇۋالالاي-دىغانلىغىنى بىلەلمىدىم......هەي، ئۇرۇش، هەي ئۇرۇش......

— هازىر سەن نەگە بارىسەن، بالام؟

— روستوۋ ئەتراپىدا فاشىستلارنى يوقىتىشقا بارىمەن.

— يوقات ئۇلارنى، ئوغلۇم! —موماي ئۇنلۇك ۋاقىرىدى، — راسا ئەددۇۋنى بەر، نەپەس ئالالماي قالسۇن، ئۇنىنمۇ چىقىرالا-مىسۇن. سېنىڭ ئاناڭ هاياتمۇ؟

— ياق، ناستاسىيە پروخروۋنا......بىزنىڭ چوڭ ئانىمىز ئۆتكەن يىلى ئالەمدىن ئۆتتى......

— بولدى، بېشىڭنى ئەگ، مەن سېنىڭ ئاناڭنىڭ ئورنىدا

ساڭا بەخت تىلەپ قوياي......بالام، مەڭگۈ ئاق يوللۇق بولغىن. خەير - خوش، خۇدا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سېنى ساقلىسۇن، — ئۇ لىزۇتچىككە چىڭ كىرىست سىزدى ۋە ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ سويۇپ قويدى.

مېھرىۋان ومايىنىڭ مۇندات كۈيۈمچانلىقىدىن لىزۇتچىك بەك تەسىرلەندى، ئۇنىڭ كوڭلى يورۇغان ھالدا كوكتاتلىقتىن چىقىپ كەتتى. ئېھ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرىۋانلىق! دۇنيادا سېنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بارمىدۇ؟

نىلۇشكا ئۇنىڭغا فېدكىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مۇھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ شاكالاتلارنى ئۇنىڭغا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇ ئوزىگە ۋە جىيەن قىزىغا ئىككى تالنىلا قالدۇرۇپ، قالغان 22 تالنىڭ ھەممىسىنى فېدكىغا ئەۋەتتى. ھازىر دەل ئەۋەتىدىغان ۋاقىت. يەنە بىر ئامال قىلىپ سېرىق ماي يىغىپ ئەۋەتىش كېرەك. نىلۇشكىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. يەنە بىر ھەپتىنى ئوتكۈزۈپ قايتىپ كېتىدۇ. ناستاسىيە پروخوروۋنا ئوغلىغا تەييارلىغان بوسۇلكىسىنى نىلۇشكا ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ. ئۇ نىلۇشكىنىڭ ئالا-كوكۇلاۇك قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ، يات ئادەم ئەمەس، زاۋۇتنىڭ ئۇستىسى، ھەقىقى پرولېتارىيات.

موماي بىكار قالغان بىر كۈنى ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا كىرىشتى.

"سويۇملۇكۇم فېدكا، جان-جىگەر ئوغلۇم، ياخشىمۇ سەن؟ — دەپ يازدى ئۇ، — ئېسىڭدىمۇ، سەن كىچىك چېغىڭدا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ماڭا بوۋاڭ كىرىلوۋنىڭ: "خۇدا قاغىغا بىر پارچە ئىرىمچىك ئەۋەتىپ بەردى' دىگەن مەسەلىنى يادقا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىڭ، مەنمۇ شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىم." خەت ناھايىتى ئۇزۇن يېزىلىپ، ئانىلىق مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن تولدى، ئۇنىڭ كوز

ياشلىرى خەتسكە تاراملاپ چۈشەتتى، بۇ ئانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ياشلىرى ئىدى.

"مەندەك موماينغا شاكالاتنىڭ نىمە كېرىگى، مەن ئۇنى نىمە قىلاتتىم. ئۇلار جىيەن قىزىمغا بىر تاغار ياڭيۇ بېرىدىغان بولدى، يەنە تېخى كوكتاتلىقتا 4 تاختا كوكتات تېرىپ بەردى، كوپ ئوتمەي ئوزىمىزنىڭ يەيدىغان كوكتاتلىرىمىزمۇ بولىدۇ. نىلۇشكا سېنى بەك مۇھتاجلىقتا قالدى دەيدۇ، جان - جىگەرىم فىدكا! سەن مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىم! سەن ۋەتىنىمىزنىڭ تۈۋرۈگى. نىلۇشكا ماڭا سېنىڭ خىزمەت ئىشلەش ئەھۋالىڭنى سوزلەپ بەردى. ياخشى ئىشلىگىن، فېدكا، هايات ياشىغىن، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە، مېنىڭ كۇنۇم ئاز قالدى، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ كېتەلەيمەن. ئەمما سېنىڭ ئومرۇڭ تېخى ناهايىتى ئۇزۇن. فېدكا، سېنىڭ ئويلىنىش ۋاقتىڭ ئاللىقاچان يەتتى، لېكىن هازىر ئويلىنىشكە ۋاقىت يوق، ئۇرۇش توگىسە، خۇدايىم......"

لېنىنگرادقا قايتىپ كەلگەن نىلۇشكا ئەتىسگەنلىك ئىشقا چىقىشتىن 10 مىنۇت ئىلگىرى هاسىغا تايىنىپ فېدور پاۋلوۋىچ كايروشكىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ پوسۇلكا بىلەن خەتنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ:

— بۇ، باگوكار شەھىرىدىكى ئاناڭدىن ئالغاچ كەلگەن سوغات. ئىچىدە نىمە بارلىقىنى بىلەلمىدىم، ماۋۇ بىر كومزەك چوشقا مېيى. يەنە بىر پارچە خەتمۇ بار، — دىدى.

ئىنژېنېر كايروشكىن نىلۇشكىدىن بارلىق ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلەپ سورىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن قەغەز بولاقنى ئاچتى.

— شاكالات،......ئەجەپ ئىش - هە......بۇ مېنىڭ شاكالاتىمغۇ،— ئۇ ئانىسىنىڭ خېتىنى ئېچىپ، ئەگرى - بۇگرى يېزىلغان خەتلەرنى سويۈپ قويدى - دە، تېزلىكتە ئوقۇپ بولدى، — شۇنداق، مەسىلە يوق......مېنىڭ......دىدى. قەتئىلىك بىلەن.

ئۇ نىلۇشكىغا بۇ شاكالاتىلارنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەردىن ھەدىسىنىڭكىگە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، يەنە ئۇ يەردىن ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئەنە شۇنداق بىر ئايلانغاندىن كېيىن، يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بەردى. ھاڭ - تاڭ قالغان نىلۇشكا ئاق ساقىلىنى سىلىغان ھالدا ئارقا - ئارقىدىن:

— بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ......بۇ ھەقىقەتەن موجىزە، — دىدى.

ئۇ باشمالتىقىنى كورسىتىپ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن، — بۇ تەقدىرگە شۇنداق پۈتۈلگەن، فېدورپاۋلوۋىچ، — تەقدىرگە شۇنداق پۈتۈلگەن!......

— ھەي، ئۇ قانداقمۇ تەقدىرگە پۈتۈلگەن بولسۇن، — دىدى كايىروشكىن كۈلگەن ھالدا رەددىيە بېرىپ، — بۇ پەقەت ئاجايىپ بىر قىزىق ئىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

1944-يىل

— (ئاپتور ھەققىدە) ۋىياچىسلاۋ ياكوۋلىۋىچ شىشكوۋ (1945 — 1873) پېشقەدەم سوۋېت يازغۇچىسى، ئۇ ئۇكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئوخشاشمىغان ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلىرى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق ئەدىبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، روشەن ئىجتىمائىي خاھىش خاراكتىرىگە ئىگە، ئۇنىڭدا خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يازغان نۇرغۇن ھىكايە ۋە ئوچېرىكلىرىنىڭ كۆپۈنچىسىدە يېڭى ئىنقىلاۋىنىڭ مۇرەككەپ جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئەنما «ئۇگرۇم دەرياسى» نامىلىق رومانىدا رۇس بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئىشچىلار سىنىپىدىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىغا يېقىنلىشىدۇ. «يېمىليان پۇگاچېۋ» (1938 - 1944) ناملىق

چوڭ تارىخىي رومانىدا، شىشكوۋ روسىيىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنى مەدھىيىلەپ، دىخانلار ئىنقىلاۋىي داھىيسىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ چەكلىمىلىك-لىكىنى رىيال ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئاپتورنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە يازغان ھىكايە ۋە ئوچېركلىرىدا سوۋېت خەلقىنىڭ فاشى-زىمغا قارشى كۈرەش جەريانىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئالاھىدە ئىپا-دىلەپ بېرىلگەن. بۇ سانىمىزدا بېرىلگەن «ئاجايىپ بىر قىزىق ئىش» تا، دەل مۇشۇ مەزگىلدىكى سوۋېت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتى مەلۇم تەرەپ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئىبراھىم ئىمىن تەرجىمىسى

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدىن)

# ئۈچ ئايال

خوجا ئاbbاس (ھىندىستان)

ئۈچ ئايال تومۇرىيولنى بويلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار قەيەردە؟ قايسى تومۇريولنى بويلاپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇلار قايسى ئىرىقتىن؟ قانداق دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ؟ بىز ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەر ئانچە مۇھىم بولمىسا كېرەك.

ئۇلار ئۈچ ئايال ئىدى.

بىرسى — ياش ھەم چىرايلىق قىز بولۇپ، كوزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئالمىدەك كوكسى سەل كوتىرىلگەن، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىدىن ياشلىقنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى سىھرى كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئىككىنچىسى بىر ئانا ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا، دۇنياغا كوز ئاچقىلى تېخى بىر نەچچە كۈنلا بولغان بوۋاق بار ئىدى، بوۋاقنىڭ قىپ - قىزىل يۈزى، بىرپارچە گوشكىلا ئوخشايتتى. ئانا توختىماي ئاررۇلۇق ئوغلىغا قارايتتى. كوزلىرىدىن مېھر - مۇھەببەتنىڭ ئوتلىرى چاقنايتتى. ئۇ، بالىسىنى گويا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان زور بالايى - ئاپەتتىن ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندەك، بىردەم - بىردەم باغرىغا مەھكەم باساتتى.

ئۈچىنچىسى بىر تىلەمچى ئايال ئىدى. ئۇ بەدىنىگە يوگۈۋال-غان يىپەك رەخ ئوز ۋاقتىدا ئاپپاق بولسا كېرەك، ئەمدى چاك - تۈزاك ۋە تەر دەستىدىن كىرلىشىپ، خۇددى بىرنەچچە يىل يۇندىغا

تاشلىۋېتىلگەندەك پۈتۈنلەي ئۆز تۈسىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ يىپەك رەخ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئۇزۇن — 5 - 6 يارد* بولسا كېرەك. بىراق ھازىر يىرتىلىپ، پارچىلىنىپ ئۈچ ياردچىلىكىمۇ قالمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنىنىمۇ تۈزۈكرەك يېپىپ تۇرالمايدىغان ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، يۈزلىرى كىرلەشكەن، پۇتلىرىنى تاشلار جىجاپ ساق يېرىنى قويمىغان ئىدى.

ئۈچ ئايال تومۇريولنى بويلاپ ئالغا كېتىپ باراتتى.

ئۈچ ئايال

كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان قوش رېلىس يىراقتىن خۇددى ئىنچىكە ئۇزۇن يىپقا ئوخشاش كۆرۈنۈپ، بارا-بارا ئۈپۈقتا تۇتىشىپ تۈگەپ كېتەتتى. كىچىككىنە بىر قارا چېكىت غىل-پال كۆرۈندى-دە، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان مەيىن شامالدا پويىزنىڭ بوش گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلاندى.

گۈدۈك ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىلەمچى ئايال شۇ ئان دىققەتتە بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قورقۇش ئەمەس، بەلكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر خىل قەتئىيلىك پەيدا بولدى. ئۇ، ئۇپۇق سىزىقىدىكى قارا چېكىتكە بىر پەس زەڭ قويۇپ قارىدى-دە، ئاندىن چاققانلىق بىلەن ئىككى رېلىسنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ مېڭىشقا باشلىدى.

ياش قىز بىلەن ئانا، بۇ ھەمرىيىسىنىڭ چېھرىسىدىكى ئادەمنى چوچۇتقۇدەك قەتئىيلىككە قاراپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. تىلەمچى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن، بۇلارمۇ ئىككى رېلىسنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ مېڭىشقا باشلىدى.

— سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ — ئانا تىلەمچى ئايالدىن

---

* يارد — ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر يارد 0.9144 مېتىرغا تەڭ.

سورىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقلۇغى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟ — تىلەمچى ئايال پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاپ بەردى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇپۇق سىزىغىدىكى بارغانسېرى چېكىنىۋاتقان ھالىتى قارا چېكىتكە تىكىلگەن ئىدى.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى قىز خۇددى زور بالايىئاپەت ھازىرلا يېتىپ كېلىدىغاندەك قىياپەتتە.

تىلەمچى ئايال قەدىمىنى چىڭ-چىڭ ئېلىپ تېز-تېز ماڭاتتى. قالغان ئىككىلەن ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا چىشىنى چىشلەپ ئۇنىڭدىن قالماي كېتىپ باراتتى.

— سەن تېخى ساراڭما؟ — تىلەمچى ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئەسەبىلەرچە كۈلكىسىدىن قىز بىلەن ئانا قاتتىق قورقۇپ كەتتى.

— سەن ساراڭمۇ ياكى تا بۈگۈنگىچە، بۇ جاھاندا ھەققانىيەتچى بار دەپ تەلمۈرۈپ يۈرگەن سەنمۇ؟ قېنى ئېيتىپ باققىنا، بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ بۇنداق ياشىغاندىن بۇرۇنراق ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ!

ھالبۇكى قىز ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ:

— سەن يەنىلا ئويلاپ باق. ئۆزەڭنىڭ ياشلىغىڭنى ئويلا. ياشلىق ئادەمدە بىرلا قېتىم بولىدۇ، سېنىڭ تېخى ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا ......

— ياشلىق ......، — تىلەمچى ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل مەسخىرىلىك ئىپادىسى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — ياشلىق پەقەت ئاشۇ تۆت ئەننا * غىلا

* ئەننا — ھىندىستاننىڭ پۇل بىرلىكى. بىر رۇپىيە ئۇن ئالتە ئەنناغا تەڭ.

ئەرزىيدىغان ياشلىقمۇ؟ ئىپلاس ئەرلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، كېيىن يەنە خالىغانچە تاشلىۋېتىلىدىغان ئاشۇ ياشلىقما؟ ئاشۇ، ئىلاجسىزلىقتىن كۈندە بازارغا بېرىپ ئۆزىنى ساتمىسا بولمايدىغان ياشلىقما؟ بۇ ياشلىقنى، ھەر بىر ساقچى، ھەر بىر ھاراقكەش پەقەت توت ئەننىغىلا سېتىۋالالايدۇ! تۈفى! بۇنداق تاشلاندۇق ياشلىقنى!

ئانا بوۋاق ئوغلىغا قاراپ قويۇپ، گويا ئوغلىدىن كۆچ-مەدەت ئالغاندەك، شۇ ئان تىلەمچى ئايال بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كەتتى:

—بىراق مېنىڭ بالام—بۇ بىچارە بالا، نىمە گۇنايى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ؟ مەن مۇشۇ بالا ئۈچۈن بولسىمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بۇگۈنگىچە ياشاپ كەلدىم،—ئۇ بىردىنلا بالىسىنى باغرىغا چىڭ باستى،—بالام!

—بالاممىش تېخى!—تىلەمچى ئايالنىڭ ئاۋازىدىكى بە[illegible] مەسخىرە، مەگسىتمەسلىك ۋە بىزار بولۇش ئىپادىلىرى ئانىنى سوزدىن توختىتىپ قويدى،—ھىم بۇ دېگەن بىر پارچە گوش-قۇ! سەن ئۇنى كوتىرىۋېلىپ ھەممىلا يەردە يۇرۇيسەن! ئۇ پەقەت بۇ ئادالەتسىز دۇنيا ۋە رەھىمسىز جەمىيەتنىڭ بىر تىرىك ئىپلانى! بۇ ئىپلاننىڭ چىقىمى سېنىڭ ھالاكىتىڭ، بەربات بولۇشۇڭ خالاس! ئۇنىڭ يوق بولغىنىنىڭ زادى نىمە پايدىسى بار؟ ئۇ چوڭ بولۇپ كاتتا ئەرباپ بولامتى؟ مىليونىرلاردىن بولامتى؟ تىلەمچى دېگەن بەك تولا. سەن نىمىشقا ئۇنى دادىسىغا تاشلاپ بەرمىدىڭ؟ ئۇ قورقۇنچاق، پەسكەش ئۆز جىنايىتىنىڭ بۇ مەھسۇلىنى باقسا بولمامدىكەن؟

ئانا دەرھال:

—ياق-ياق. سەن بۇنى ھەرگىز ئۇنىڭدىن كورمە،—دىدى. ئانا ھەر قېتىم "ئۇ" دېگەن بۇ سوزنى ئېيتقان چاغدا، قەلبىدە

ئاجايىپ بىر خىل سويگۇ، ئاجايىپ بىر خىل مۇھەببەت ئۇرغۇيتتى. "ئۇ" دىگەن سوز ئىغىزىدىن چىققان ھامان، ئانا گويا يىپىگى كېلىنلەردەك ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالاتتى، — بۇنى ھەرگىز ئۇنىڭدىن كورمە. ئاتا - ئانىسى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان.

تىلەمچى ئايال قاتتىق غەزەپلەنمەكتە ئىدى. ھىلىقى كىچىك - كىنە قارا چىكىت، ئەمدىلىكتە خېلىلا يوغىناپ، بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تىلەمچى ئايال پويىزنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىنىمۇ بېسىپ چۈشكۈدەك قاتتىق ئاۋازدا:

— ئاتا - ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ياكى مال - دۇنيا سەۋەبى - دىنمۇ؟ سىلەردىكى ئاتا - ئانىلىق مېھر - مۇھەببەت نەگە كەتتى؟ ئاشۇ قىشتىكى قاپ - قاراڭغۇ يامغۇرلۇق كېچىدە، سەن ئۆيۈڭدىن ھەيدەلدىڭ. گەرچە سەن بۇ سىرنى ئاشكارىلاشتىن قورقساڭمۇ، لېكىن جەمىيەت سەن ئۈچۈن بىر - ئىككى ئىغىز گەپ قىلىپ قويامتى؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

تىلەمچى ئايال سوزىنى توگەتمەيلا، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان پويىزغا قاراپ ئۇچقاندەك ئېتىلدى. ياش قىز بىلەن ئانا ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قوغلىدى.

پويىز خۇددى بىر دىۋىگە ئوخشاش ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن، سائەتىگە ئەللىك كىلومېتىرلىق تېزلىكتە كېلىۋاتاتتى. پويىزنىڭ دەھشەتلىك ھەيۋىسى ئالدىدا، تىلەمچى ئايالنىڭ چىرايى قىلچە ئوزگىرىپ قالمىدى.

پويىز شىددەت بىلەن تىلەمچى ئايالغا قاراپ بېسىپ كەلمەكتە.

پويىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگونىدا يوغان قوساق ئىككى سودىگەر نەچچە يۈز مىڭ رۇبىيە قىممىتىدىكى سودا ئۈستىدە سوزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە بوتۇلكا ھاراق تىزىلغان بولۇپ، ئۇلار بىر بىرىگە خوش كەتتى قىلىشىپ ئىچە -

شىۋاتاتتى. ئۇلار ئاللىقاچان كەيىپ بولۇشقان ئىدى. دۇنيادا يەنە ئازاپ - ئوقۇبەتنىڭ بارلىغى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ - چىقمايتتى.

پويىزنىڭ ئادەتتىكى ۋاگونلىرى دىخانلار، ئىشچىلار ۋە باشقا نامراتلار بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار خۇددى بىر توپ پادىدەك تىقىلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر قارغۇ تىلەمچى ئادەم قولىدىكى سازىنى چېلىپ كوپچىلىككە پەيغەمبەر ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي مەس بولۇشقان بولۇپ، ئۆز ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان ئىدى. بىر قېرى پەيلاسوپ بىر بولۇڭدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇگىدەۋاتقانلىغىنى ياكى ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىغىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى.

پويىز يەنە بىر قېتىم قاتتىق گۈدۈك بەردى. بۇ گۈدۈك ئاۋازى بالا - قازادىن خەۋەر بەرگەندەك قىلاتتى.

— توختا! توختا! — ياش قىز بىلەن ئانا تىلەمچى ئايالى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق توۋلىدى.

— مەن ئاللىقاچان بىر نىيەتكە كېلىپ قويغان. سىلەر جېنىڭلارنى ئايىساڭلار تېز يوقىلىڭلار.

— بىراق، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ بىر قانداق قىلىمىز؟ — ئۇ ئىككىسى تەڭلا ئېغىز ئاچتى.

پويىز يەنە بىر قېتىم قورقۇنۇچلۇق گۈدۈك بەردى. پويىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىغى ناھايىتى ئازلا قالغان ئىدى.

ياش قىز قاتتىق يۈگۈرگەنلىگىدىن ھاسىراپ پۇشۇلدايتتى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتتى - دە، بىر تەرەپكە تارتىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولدى. ئانا بولسا بىر قولىدا بوۋىقىنى كوتىرىپ، بىر قولىدا تىلەمچى - ئايالنى ئىتتىرىپ رېلىسنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتمەكچى بولدى.

بىراق ئۇلارنىڭ تىرىشىشى پۈتۈنلەي بىكار بولدى. چۈنكى پويىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇلار ھەتتا شوپۇرنىڭ قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى ئېنىق كوردى. تىلەمچى ئايال ئۇلارنىڭ قولىدىن بىردىنلا يۇلقۇنۇپ چىقتى.

پويىز قاتتىق چىرىلداش بىلەن تورموزلىنىپ توختىدى. سودىگەرلەرنىڭ مەسلىگى قاتتىق بىر سىلكىنىش بىلەن يېشىلدى. ھاراق بوتۇلكىلىرى بىلەن رومكىلار يەرگە دوملاپ چۈشتى.

ئاددى ۋاگوندا ئولتۇرغان قارغۇ تىلەمچىنىڭ قولىدىكى ساز يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ناخشا ئاۋازى توختىدى. كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ۋاگوندىكى دېخان، ئىشچى ۋە باشقا نامراتلار ھەممىسى ئۇز ھوشىنى تاپتى. يولۇچىلار ۋاگوندىن چۈشۈپ، پاراۋوز تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— نىمە ۋەقە؟ نىمە بوپتۇ؟
— بىر ئايال پويىزنىڭ ئاستىغا ئۇزىنى تاشلاپ ئولۇۋاپتۇ.
— ھە، بىر قەلەندەركەنغۇ.
— ھەي ئىسىت، بەكمۇ چىرايلىق ياش قىزكەن ئەمەسمۇ!
— بىچارە. ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئولۇپتۇ.
— نىمە بوپتۇ؟ نىمە بوپتۇ؟ كىمنى بېسىۋاپتۇ؟
— بىر ئايالنى.
قېرى پەيلاسوپ ياش تىلەمچى ئايالغا ۋە بوۋاققا قاراپ:
— بىر ئەمەس، ئۇچ ئايال ئىكەن، — دېدى.
— ئۇچ ئايال! — كىشىلەر ھاڭ-تاڭ بولغىنىچە بۇ ئۇچ قەلەندەرگە قاراپ قېلىشتى.

(ئاپتور ھەققىدە) خوجا ئاباس — (1914 -) ھىندىستاننىڭ مەشھۇر تەرەققىپەرۋەر يازغۇچىسى ۋە كىنو رېژىسسورى. ئۇ، 1935 - يىلى ئالى

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «مىللەت ساداسى»، «بومباي خەۋەرلىرى» قاتارلىق ژورناللاردا ئىشلىگەن. ئاباس ئوردۇ ۋە ئىنگلىز تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدۇ. ئۇ تەرەققىپەرۋەرلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجات ئىلغان، ئاساسلىق رومانلىرىدىن: «ئەتە بىزگە مەنسۇپ» (1945-)، «ئىنقىلاپ» (1954-)، «تۆت ئادەمنىڭ تۆت يولى» (1959-)، پوۋېستلىرىدىن: «يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق»، ھېكايىلەر توپلىمىدىن: «"گۆرۈچ" ۋە "باشقا ھېكايىلەر"» (1943-)، «قىزىل گۈل» (1948-) «ئاۋدىيختا گۈگۈم» (1956-)، «سايىدا ئۆتكەن مىڭ كېچە» (1957-)، درامىلىرىدىن: «ئانا ناس ۋە ئاتوم بومبىسى» (1943) كىنو سىنارىيىلىرىدىن: «سەرگەردان»، «420 ئەپەندى»، «يېڭى دۇنيا» قاتارلىقلار بار.

ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى

(«چەتئەل ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982-يىل 2-سانىدىن)

# چوپان قىز

ۋىليام سارويان (ئامېرىكا)

سويۇملۈك مومام، ئۇنىڭغا پاكىزلىك ۋە خاتىرجەملىك يار بولسۇن، ئۇ، ھەر بىر كىشى ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىش قىلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. تېخى يېڭىلا داستىخاندا ئولتۇرغاندا، ئۇ ماڭا:

— سەن چوقۇم بىرەر ھۈنەر ئۆگەنگىن، توپا، ياغاچ، تۆمۈر ياكى رەختتىن بولامدۇ، ئىش قىلىپ ئىنسانغا پايدىلىق بىرەر نەر-سە ياسىشىڭ كېرەك. ياش ئادەم بىرەر ئېسىل ھۈنەرنى بىلمىسە زادىلا بولمايدۇ، سەن نېمە ياسىيالايسەن؟ بىرەر ئاددىي ئۈستەل، ئورۇندۇق، بىرەر تەخسە ياسىيالامسەن؟ سېنىڭ قولۇڭدىن زادى نېمە ئىش كېلىدۇ؟

سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە مومام ماڭا زەردە بىلەن تىكىلدى:

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — سەن ئۆزەڭنى بىر يازغۇچى دەپ ھېسابلايسەن، مېنىڭ ئويلىشىمچىمۇ سەن بىر يازغۇچى. لېكىن سەن كۈن بويى توختىماي پۇقۇرۇتۇپ تاماكا چېكىپ، ئۆينى بۇس-تۇتەككە توشقۇزۇۋەتتىڭ، شۇنداق بولسىمۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىدىڭمۇ؟ سەن ئەمەلىي نەرسىلەرنى — كۆز بىلەن كۆرگىلى، قولدا تۇتقىلى ھەم ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەنگىن.

— بۇرۇن پارس پادىشاسىنىڭ بىر ئوغلى بولغان ئىكەن،— دې-
دى مومام،— ئۇ بالا بىر چوپان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ
ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "شاھ ئاتا، مەن بىر چوپاننىڭ قىزىنى
ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمەن" دەپتۇ. پادىشا:
"مەن بىر شاھ، سەن بولساڭ مېنىڭ ئوغلۇمسەن، مەن ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، سەن بۇ دۆلەتنىڭ شاھى بولىسەن، سەن
بىر چوپان قىزغا ئۆيلەنسەڭ قانداق بولىدۇ؟" دەپتۇ. شاھزادە:
"ئەي، شاھ ئاتا، مەن باشقىنى بىلمەيمەن، پەقەت بۇ قىزنى ياخ-
شى كۆرۈپ قالغىنىمنىلا بىلىمەن، مەن ئۇنى ئۆزەمگە خانىش قىل-
ماقچىمەن"-دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا ئۆز ئوغلىنىڭ مۇھەببىتى تەگرىنىڭ قىسمىتىدىن بولغان-
لىقىنى سېزىپتۇ-دە، ئۇ: "مەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلاي"
دەپتۇ. ئۇ ئەلچىنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇنىڭغا: "سەن چوپان
قىزغا بېرىپ ئېيتقىن، ئوغلۇم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ھەم
ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى"-دەپتۇ. ھېلىقى ئەلچى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ
ئۇنىڭغا: "پادىشانىڭ شاھزادىسى سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ
ھەمدە سىزگە ئۆيلەنمەكچى ئىكەن!"-دەپتۇ. چوپان قىز: "ئۇ نىمە
ئىش قىلىدۇ؟"-دەپ سوراپتۇ. ئەلچى: "ھوي، ئۇ دېگەن شاھنىڭ
ئوغلى تۇرسا ئۇ ئىشلەمتى!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ھېلىقى قىز: "ئۇ
چوقۇم بىر ھۈنەر ئۆگەنسۇن" دەپتۇ. ھېلىقى ئەلچى پادىشانىڭ
ھوزۇرىغا قايتىپ بېرىپ، چوپان قىزنىڭ سۆزىنى بىرمۇ-بىر يەت-
كۈزۈپتۇ.

پادىشا ئوغلىغا: "ھېلىقى چوپان قىز سېنى بىرەر ھۈنەر
ئۆگەنسۇن، دەپتۇمۇ! سەن يەنىلا ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمۇ سەن؟" دەپتۇ.
شاھزادە قەتئىي ھالدا: "شۇنداق، مەن بورا توقۇشنى ئۆگىنىمەن"
دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە خىلمۇ-خىل، رەڭگا-رەڭ ۋە
نەقىشلىك بورىلارنى توقۇشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇچ كۈن ئۆتكەندىن كې-

يىن، ئۇ ناھايىتى ياخشى بورىلارنى توقىيالايدىغان بوپتۇ. ئەلچى چوپان قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: "بۇ بورىلارنىڭ ھەممىسىنى شاھزادە ئۆزى توقىدى" دەپتۇ.

چوپان قىز ئەلچى بىلەن بىللە پادىشا ئوردىسىغا بېرىپ، شاھزادىغا تېگىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە باغدات كوچىلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، بۇ ئاشپۇزۇل ئىنتايىن ئازادە ۋە پاكىز ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچىگە كىرىپتۇ ـ دە، بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ ئاشپۇزۇلنى قاراقچىلار ۋە قاتىللار ئاچقان ئىكەن. ئۇلار شاھزادىنى تۇتۇپ تۈرمىسىگە تاشلاپتۇ. شەھەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقدار ۋە ئېسىلزادىلىرى شۇ يەرگە سولانغان ئىكەن. كىشىلەرنى ئولتۇرۇپ مال دۇنياسىنى بۇلاشقا ئادەتلەنگەن بۇ قاراقچىلار ئەسىرلەر ئىچىدىكى سېمىزلەرنى بوغۇزلاپ، ئورۇقلىرىغا يېگۈزىدىكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىكەن. شاھزادە تولىمۇ ئورۇق ئىكەن. قاراقچىلار ئۇنىڭ پارس پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى ئولتۇرمەپتۇ. شاھزادە قاراقچىلارغا: "مەن بورا توقۇشنى بىلىمەن، توقىغان بورىلىرىم ئىنتايىن قىممەت باھالىق!" دەپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا بىرئاز قومۇش ئەكىلىپ بېرىپ بورا توقۇتۇپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ پارچە بورا توقۇپتۇ ـ دە، ھىلىقى قاراقچىلارغا: "بۇ بىرنەچچە پارچە بورىنى پارس پادىشاسىنىڭ قەسرىگە ئېلىپ بارساڭلار، ھەربىر بورىغا 100 تىللا بېرىدۇ" دەپتۇ. ئۇلار ئۈچ پارچە بورىنى پادىشانىڭ قەسرىگە كىرگۈزۈپتۇ. پادىشا بىر قاراپلا، بۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ بورىلارنى چوپان قىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپ: "بىر كىشى بۇ بىرنەچچە پارچە بورىنى قەسرىمگە كىرگۈزۈپتۇ. بۇ، يوقالغان ئوغلۇمنىڭ ھۈنىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم" دەپتۇ. چوپان

قىز بورىلارغا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپتۇ. ئۇ، بورىلارنىڭ نەقىش-لىرى ئىچىدىن ئىرىنىڭ، پارىس يېزىغى بىلەن توقىغان قۇتقۇزۇش ھەققىدىكى خەۋىرىنى كورۇپتۇ، ئۇ بۇ خەۋەرنى پادىشاغا يەتكۈزۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشا نۇرغۇن لەشكەرلەرنى قاراقچىلارنىڭ ئۇگىسىغا ئەۋەتىپ، بارلىق ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇپتۇ ھەم قاراقچىلارنى پۈتۈنلەي ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئامان-ئېسەن ئاتىسىنىڭ قەسرىگە، خوتۇنى — ھېلىقى چوپان قىزنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ-تۇ. شاھزادە قەسرگە قايتىپ كېلىپ خوتۇنى بىلەن كورۇشكەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چوكۇپ پۇتلىرىنى قۇچاغلاپتۇ، ئۇ: "سويۇملۇ-گۇم، مەن پۈتۈنلەي سېنىڭ ۋەجىڭدىن ھايات قالدىم!"-دەپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن پادىشامۇ بۇ قىزنى ئىنتايىن ياخشى كورىدىغان بوپتۇ.

— ئەمدىغۇ،— دىدى مومام،— ھەربىر كىشى بىرەر ھۇنەرنى ئۇگىنىشى كېرەكلىگىنى چۈشەنگەنسەن؟

— تازا ئوبدان چۈشەندىم!— دىدىم مەن،— يېتەرلىك ئاقچا يىغىپ بىر ھەرە، بىر بولقا ۋە بىر پارچە تاختاي سېتىۋېلىپ قۇربىمنىڭ يېتىشىچە، بىر ئاددى ئورۇندۇق ياكى كىتاپ جازىسى ياسايمەن.

خەمىت ئىسمائىل تەرجىمىسى

(«كىتاپخانلار ئۇچۇن ئۇزۇندىلەر» نىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدىن)

# ئەتىشۋالىق قوزا

ف. گېدېس (دانىيە)

— لولېس، سەن ئاتاڭغا ياردەملىشىپ ئۆتۈنلارنى ئۆيگە توشۇپ، دۆۋىلەپ قويساڭ بولاتتى، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا.

— بولىدۇ، سەن بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرنەچچە خىل ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەنسەن-دە، — دېدى لولېس ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئانىسىغا.

— مەن ۋاقتىڭ بولسا ئاتاڭنىڭ ئۆتۈنلارنى توشۇشىغا ياردەملەشكىن دېدىم، — دېدى ئانىسى لولېسنىڭ تاماكا ئوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. ئۇ ئۆتۈننى تاماكىسىنى ئوراپ بولغاندىن كېيىن، ھەتتا تاماكىسىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن توشۇشۇپ بەرسىمۇ مەيلىتتى.

ئىسكىلات قىلغان ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى مەيداندا نۇرغۇن ئۆتۈنلار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. بۇ ئۆتۈنلار ئەتىيازدا كېسىلگەن بولۇپ، تېزراق قۇرۇسۇن دەپ يېرىپمۇ قويۇلغان ئىدى، ھازىر بۇ ئۆتۈنلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قۇرۇپ بولغان ئىدى. قىشتا قالايدىغان چاغدا قانچىلىك لازىم بولسا، شۇنچىلىك يېرىپ قالىسىلا بولاتتى.

دېخانچىلىقنىڭ ئالدى-كەينىنى يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى لولېسنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى قىلاتتى. بۇ لولېسنىڭ ئىش قىلىشنى ياقتۇرمىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى.

ئەمىلىيەتتە بولسا، ئۇ بەزىدە ياردەم قىلىشنى خالايتتى، ئەمما ئۇ، ھە دىگەندىلا بەزى مۇھىم ئىشلىرىنى بۇ ئىشلاردىن بۇرۇن ئىشلەيتتى. لولىپىنىڭ تاماكا ئورىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى دائىم دىگۇدەك ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن لولىپس زېرىكمەي - تېرىكمەي بىر ھازاغىچە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشكە باش- لايتتى. لولىپسنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ- مۇ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى. ئاخىرى لولىپس قىلىۋېتەر دىگەن ئىشلارنىمۇ ئوزلىرى قىلاتتى.

لولىپس گەپتان ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، ئاتىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، چوڭ بولغاندا، پارلامېنت ئەزاسى بولىدۇ، دەپ يۈر- گەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولالمىدى. باشقا كاتتا كىشىلەردىنمۇ بولۇپ چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتى- سى ئوز ئوغلى توغرىسىدا ھېچنېمە دىمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئاتا - ئانىسى لولىپسنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كورەتتى. چۈنكى، ئۇ، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى.

ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى پوپ قىلىشنىمۇ ئويلىغان ئىدى. بىراق ئۇ بۇ توغرىدىكى گەپلەرنى قۇلىقىنىڭ قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. كېيىن، لولىپسنىڭ ئاتىسى ئۇنى كالېلارغا بەنت قىلىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدىرىكىنى، سوز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ئۇنى ئوقۇتقۇچى بولۇشقا دەۋەت قىلغان ئىدى. لولىپس بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، دارىلمۇئەللىم- ىندە يېرىم يىل ئوقىدى. ئۇ يېرىم يىلنى قۇرۇق پاراڭ سېلىپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە قاتراپ يۈرۈپ ئوتكۈزدى. ئۇ مەكتەپتىن قاي- تىپ كېلىپ ئاتا - ئانىسىغا:

— ھازىرقى مەكتەپلەردە ھېچنەرسە ئۆگەنگىلى بولمايدى- كەن، — دىدى.

دەرۋەقە ئۇ مەكتەپتە ئاتا ـ ئانىسىنى ئالدايدىغان نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى ئۈگىنىۋالدى، ئەكسىچە ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ يولىنى تاپالمىدى.

دېمىسىمۇ لولېس قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. ئىككى قېرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كوڭۈل بولۇپ تۇرۇشىغا توغرا كېلەتتى. 35 گېكتار چوڭ ـ لۇقتىكى دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېتىش ئۇنچىلىك ئاسانغىمۇ چۈشمەيتتى. بۇنىڭغا نۇرغۇن باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. لولېس دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئوز قولىدا تۇگىشىپ كېتىشىنى زادىلا خالىمايتتى. ئۇندىن باشقا بەزى ئىشلارنى ئۇقىلمىسا بولمايتتى. باشقا بىر كىمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىشىگىمۇ بولمايتتى. لولېس ھايۋانلارنى تولىمۇ ياخشى كورەتتى. ھەر قېتىم سۇت سېغىلىپ بولغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن مۈشۈكلەرگە سۇت ئىچكۈزۈپ قوياتتى. بىراق سۇتنى بولسا، ئۇنىڭ ئانىسى ساغاتتى. مۈشۈك سۇت ئىچىشنىلا بىلەتتى. بىراق، كىمنىڭ سۇت سېغىپ بېرىدىغانلىغى بىلەن كارى يوق ئىدى. كىمنىڭ سۇت ئىچكۈزىدىغانلىغى ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. لولېس دائىم مۈشۈكلەرگە سۇت بېرىدىغان بولغاچقا، مۈشۈكلەر ئۇنى كورسە، مىياڭلاپ پۇتلىرىغا يامىشىپ، لولېسنىڭ كوڭلىنى خوش قىلىپ قوياتتى. ئەگەر مۈشۈكلەر ئەركىلەپ بەرمىسە، ئۇ مۈشۈكنىڭ قۇيرۇغىدىن ئالاتتى ـ دە، پىقىرىتىپ تاشلايتتى، ئۇلارنىڭ سۇت ئىچىشىگىمۇ يول قويمايتتى.

ئومۇمەن، لولېس ھايۋانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ياخشى كورەتتى. لېكىن ھايۋانلارغا يەم بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ۋاقىتتا يەم بېرىشنى ياخشى كورەتتى. ئەكسىچە داۋاملىق يەم ـ خەشەك بېرىپ بېقىشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ھايۋانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش يەنىلا ئانىسىغا قالاتتى. خوشى كېلىپ قالسا، كالىلارغا بىرەر تال قىزىلچا تاشلاپ بېرەتتى. كالىنىڭ قىزىلچىنى ئىشتەي بىلەن

يەۋاتقانلىقىنى كورگەندە، لولېسنىڭمۇ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، قو-
سىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزەتتى - دە، ئىختىيارسىز ئاشخانىغا كىرىپ
بىرئاز نەرسە ئېلىپ چىقىپ يەيتتى.

ئوتۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئوتۇنخانىغا توشۇلۇپ بولغان ئىدى.
لولېسنىڭ ئاتىسى ئامبارنىڭ كەينىدىكى ئوتۇنلاردىن لىق بىر سىۋەت
قاچىلاپ، مورىسىدە كوتىرىپ كېلىۋاتاتتى. لولېس بولسا، تامغا يو-
لىنىپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ تۇراتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كېلە-
ۋاتقانلىقىنى كورۇپ:

— ئاتا، بىرئاز تۇرۇپ ساڭا ياردەملىشىمەن، ئاۋال ماۋۇ تا-
ماكامنى چېكىۋالاي، — دېدى.

ئاتىسى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي ئوتۇننى يۇدۇگىنىچە ئوتۇن-
خانىغا كىرىپ كەتتى. لولېس سىرتتا تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ سىۋەتتىكى
ئوتۇنلارنى توكۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق
شوردى - دە، ئىسنى بۇرنىدىن پۇقىرىتىپ چىقاردى. ئۇ ئاتىسى-
نىڭ ھېلقىدەك پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى ياقتۇرمايتتى. بۇن-
داق پەرۋا قىلماسلىق بىر خىل ئەيىپلەشنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لې-
كىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىشىنى ھەرگىزمۇ كوتىرەلمەيتتى. بۇ
ئىككى قېرى ئۇنىڭغا بۇرۇندىن تارتىپلا چېچىلىپ كەلگەن ئىدى.
شۇندىن بېرى 10 يىل ئوتتى. بۇرۇندىن تارتىپ ئۇلار ئوز ئوغ-
لىغا داۋاملىق تەربىيە بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ 18 گە كىرگەن
چاغدا ئاتا - ئانىسى ئۇنى باشقۇرالماي قالدى. شۇندىن تارتىپ
ئۇ ھېچ ئىش قىلماس بولۇۋالدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى سىرتلارغا
چىقىپ ئوقەت قىلىپ كېلىشكە بىرنەچچە نوۋەت دەۋەتمۇ قىلىپ
باقتى، لېكىن، ئۇ ھە دېسىلا ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن چىقىشال-
ماي ئويگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئويگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوزىنى بەك
سېغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار

ئوغلىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى.

سىرتتا لولېسنى باشقىلار ھۆرمەت قىلمايتتى. ئەمما، ئۇ ئۆيگە قايتقاندا بۇ ھەقتە زادىلا تىنمايتتى. بەلكى، سىرتتا كىشىلەرنىڭ ئەدىۋىنى قانداق بەرگەنلىكىنى، ھەتتا بىر قىز بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭمۇ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ، ئۆز ئوغلىنى كېلىشكەن يىگىت، دەپ قارايتتى. ئۇ، قىزلار پۈتۈن دانىيىدىن بۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى تاپالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئانىسىنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى بىرنەچچە قېتىم دىگەنلىكىنى لولېس ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئىدى.

لولېس يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئالدى-دە، چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئۇچۇرۇپ قۇتىسىغا سالدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بىرەر قىز ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلىشمايتتى. قىزلار ھەممىشە ئۇنى: "سىمتاناپىقا ئوخشايدىكەن؛ ئۆيۈگە بېرىپ ئاناڭنىڭ ئەتىۋارلىق قوزىسى بولغىن" دەيتتى. بولۇپمۇ قىزلاردىن كارا بىلەن ئىنگېبورگ تېخىمۇ شۇنداق دەيتتى. ئۇلار بەك ھوشيار قىزلار ئىدى. لولېس ئۇلارنى ھۆرمەت قىلاتتى-يۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن يېقىنلىشالمايتتى.

لولېس تاماكا قۇتىسىنى يانچۇقىغا سالدى-دە، ئوتۇنخانىغا كىردى. ئۇنىڭ ئاتىسى يەنە بىر سائەت ئوتۇننى ئېلىپ كىرىپ رەتلىك تىزىۋاتاتتى.

لولېس يەردىن بىر تال ئوتۇننى ئېلىپ پىقىرىتىپ ئاتقان ئىدى، تىزىپ قويغان ئوتۇنلار گۈرۈلدەپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— قانداق تىزغىنىڭ بۇ،— ئاتىسى ئاچچىقى بىلەن سوردى ئۇنىڭدىن،— سەن تىزغان ئوتۇنلارنىڭ ئۈستىگە باشقىلار بىرەر پارچە ئوتۇننىمۇ قويالمايدۇ، قويسىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

ئۇ بايىقى بىر تال ئوتۇننى ئېلىپ قايتىدىن تىزغان ئىدى،

ئوتۇنلار ئورۇلۇپ چۈشمىدى.

لولپس ئىككى قولىنى كىرىشتۇرۇپ قاش چىقىرىپ، قوللىرىنى چاپىنىغا سۈركەپ تۇرۇپ:

— ئوتۇنلارنى تېزراق توشۇپ تۈگىتىۋەتسەك بولاتتى، تازىمۇ تۈگىمىدى بۇ ئىش،— دېدى.

ئاتىسى جاۋاپ بەرمىدى، يەردىكى ئوتۇنلارنى تىزىپ بولۇپ، سۆەتنى كوتىرىپ ئوتۇنغا چىقىپ كەتتى.

لولپس ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ سوكۇلداپ يۈرۈپ چارچاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتارغان، قوللىرىمۇ تىترەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. لولپس 28 ياشقا كىردى، ئاتىسى ئۇنىڭدىن 37 ياش چوڭ ئىدى. يەنى ئۇ 65 كە كىرگەن ئىدى. لولپس بۇ ھساپنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئاتىسى بىردەممۇ تىنىم تاپمايتتى، يېقىنقى يىللاردىن بىرى خېلىلا ياداپ قالغان بولۇپ، ئەمگەك قىلغاندا ئارام ئالىدىغان ۋاقتى بۇرۇنقىدىن كوپەيگەن ھەم ئۇزۇن راپ كەتكەن ئىدى، نەپىسى قىسىلىدىغان بولۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. يېقىندىن بىرى ئۇ كەيپىنىڭ تووەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى لولپسقا بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان ئىدى. لېكىن، لولپس مەسىلە ئۇنچىۋالامۇ چوڭ ئەمەسقۇ، دەپ قارايتتى. لولپسنىڭ ئوزىمۇ بەزىدە يۈرىگىنىڭ يېڭىنە سانچىغاندەك ئاغرىغانلىقىنى ھىس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئېغىر نەپەس ئالماي، ئازراق تۇرۇۋېلىپ، ئاستىراق نەپەس ئالسا ئاغرىق ئوتۇپمۇ كېتەتتى. مانا بۇ ئادەتتىكى ساۋات ئىدى.

ئۇنىڭ ئاتىسى ئوتۇنلارنى سۆەتكە يەنە قاچىلاشقا باشلىدى.

— بىر ئەمدى ئوتۇنلارنى سۆەتكە جىقراق قاچىلايلى،— دېدى لولپس ئاتىسىغا،— شۇنداق قىلساق تېز توشۇپ بولىمىز!

ئاتىسى ئوتۇننى سۆەتكە لىقمۇ-لىق قاچىلاپ، كوتىرىپ ماڭ-

ماقچى بولدى، بىراق ئۇرنىدىن تۇرۇش ئېغىر كەلدى. ئۇ سۇەت‌نى يەرگە قويۇپ، بىرئاز ئارام ئالدى. لولېس ئاتىسىنىڭ چىرايى كوكىرىپ، بارام بولۇۋاتقانلىغىنى سېزىپ:

— ئاتا مۇجەزىڭ يوقمۇ ـ نىمە؟— دەپ سورىدى.

— مۇجەزىم يوق، لولېس، سۇەتتىكى ئوتۇنىنى ئەكىرىۋېتەمسەن؟ مەن بىرئاز ئارام ئېلىۋالاي،— دىدى ئاتىسى.

— بولىدۇ،— لولېس دەرھال ماقۇل كەلدى ۋە ئۇستى ـ بېشىغا بىر قۇر قاراپ قويدى،—مەن ھىلىلا يېڭى كىيىم ئالماشتۇرغان ئىدىم،— گەپ ئارىسىدا ئىككى قولىنى چىقىرىپ ئۇياق ـ بۇيېقىغا قاراپ قويدى،— بۇ قېتىم يەنىلا سەن كوتىرىپ ئەكىرگەن، مەن ئويگە كىرىپ كىيىممنى ئالماشتۇرۇۋالاي، يېڭى كىيىم پاسكىنا بولۇپ كەتسە، قاملاشمايدۇ، ئويدە كونا كىيىملىرىم بار ئەمەسمۇ.

— بولدى قوي!— دىدى لولېسنىڭ دادىسى ئاچچىغى بىلەن ئۇ لولېسنىڭ مۇشۇ ئىشقا يەنە كونا كىيىم كىيىپ ئوتۇن توشۇش، يېڭى كىيىم كىيىپ ئوتۇن توشۇشقا قارىغاندا كوپ ياخشى ئىكەنلىگىنى چۈشەندۇرۇپ يېرىم كۇن كاسىلدايدىغانلىغىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا ئوغلى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى.

— بولىدۇ! بىراق، سەن تېزراق بولغىن، ئوزەمنى دەڭسەپ باقاي كوتىرەلەمدىمەن ـ يوق، لېكىن، كېيىنكىلىرىنى سەن توشۇيسەن، مەن ھەقىقەتەن بولالمايۋاتىمەن.

— ماقۇل، كىرىپلا چىقىمەن،— لولېس خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاپ بەردى.

ئۇ ئوتۇن دوۋىسىنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، ئويگە كىرىۋېتىپ، كوڭلىدە: "ئۇ مېنىڭ قايتىپ چىقمايدىغانلىغىمنى بىلىدۇ، بۇ ماڭا مەلۇم" دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئويگە كىرىپ كىيىمىنى ئالماشتۇردى، ئەسلىدە تاماكا

چەككۇسى يوق ئىدى، لېكىن چىدىماستىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى،
ئۇ كوڭلىدە، بۇ قېرىنىڭ ئۇكىي ھەقىقەتەن يامان تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن، لولېس ئوتتۇنخانىغا كىردى. لېكىن ئاتىسى بۇ يەردە كورۇنمىدى، لولېس مەيدانغا كەلدى ۋە ئوتۇن دوۋىسىنىڭ كەينىگە ئوتۇپ قارىۋىدى، ئاتىسى ھەقىقەتەن شۇ يەردە ئىكەن. بىراق، ئۇ يەردە دوم ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولى تېخىچىلا سۋەتىنىڭ بېغىدا بولۇپ، سۋەتتىكى ئوتۇنلارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ باش تەرىپىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

لولېس ئۇنى ئولدى دەپ ئويلىدى، بىر سوغاق ئېقىم چاقماق تېزلىگىدە ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىنى قاپلىدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاتىسىنى ئوگدىسىغا قىلدى. ئىككى قولىنى ئاتىسىنىڭ ئاستىغا ئاۋايلاپ قويدى ـ دە، كوتىرىپ ئويگە ماڭدى. ئاتىسى ئۇنىڭ ئۇنىڭ قولىدا ياتاتتى. لولېس تۇخۇمسىمان تاش ياتقۇزۇلغان يولدا دەلدەڭشىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىراشچىلىقتا ئوز پۇتىغا ئوزى پۇتلاشتى، ئۇ پۇتىنىڭ ئاغرىغىغا پىسەنت قىلمىدى. قورقانلىقتىن ئۇنى سىلىپ يىغلاپ يۈگۈرگىنىچە كېتىۋاتاتتى.

......

ئاتىسىنى يەرلىگىگە قويغان كۇنىنىڭ ئەتىسى لولېس ئانىسى بىلەن ئاشخانىدا ئولتۇراتتى. بۇ سەھەر ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار تېخى ئەتىگەنلىك ناشتا قىلمىغان ئىدى. لولېس تاماقخانىغا كىرىپلا، ئاتىما مۇرابباسى سۇركەلگەن بولكا بىلەن قەھۋە ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئىدى. تاماق تېخى تەييار بولمىغاچقا، لولېس خاپا كورۇنەتتى.

ئاپىسى بولكىنى ئەمدىلا كېسىپ بولۇپ، ئۇچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولكىغا سىرىق ماي سۇركەۋاتاتتى. بۇنداق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولكىغا سېرىق ماي سۇركەشنى لولېس زادىلا ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭچە بولسا، ئورە تۇرۇپ سۇركىسە بولاتتى.

— قالايدىغان ئوتۇن تۈگەپتۇ،— دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا،— مەن بولكىغا سېرىق ماي سۈركەپ بولغىچە، ئازراق ئوتۇن يارساڭ بولاتتى. ئازراق قەھۋە قاينىتىپ ئىچەيلى دەيمەن.

— ئوتۇن يارىمەنما؟— دېدى لولىس،— ئاتامنى ئۇزىتىپ بولغاننىڭ ئەتىسىلا مېنى ئوتۇن يارغىلى سالامسەن؟

ئانىسى ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتىپ قويدى. ئانىسىنىڭ ئۇلۇمى لولىسقا ئېغىر كەلدى. لېكىن ئوتۇننى يېرىش كېرەك ئىدى. ئانىسى توساتتىنلا ئىنتايىن خاپا بولدى. ئىلگىرى قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئەمدى بىلىپ يەتتى. ئۇ لولىسقا شۇنداق تىكىلدىكى، خۇددى ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۇنىڭغا قادىلىپلا قالدى.

— لولىس! چىقىپ ئوتۇن يار!— دېدى ئۇ.

لولىسنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئانىسىنىڭ بۇنداق قاتتىق ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ چىداپ تۇردى، ئاچچىقى بېسىلغىچە چىداپ تۇردى.

ئانىسىنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ كەتتى، بەلكى ئاڭلانمىغۇدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى.

لېكىن لولىس ئانىسىنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەك ئارىلاش چىقىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. بۇ ئاچچىق، ھەسرەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ھەر قاچان بىرەر يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

— بىز سەن ئۈچۈن بارلىقىمىزنى سەرپ قىلغان ئىدۇق. بولۇپمۇ سېنىڭ ئاتاڭ شۇنداق قىلغان ئىدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تولىمۇ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، يۈرىكى ئاجىزلاپ قازا تاپقان. ئەگەر سەن بۇرۇنراق...

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ يىغلاشنى خالىمايتتى، چۈنكى، لولىس

خەلى بۇرۇن يىغلاش ئۆز ئۆزىنى قىيىنغانلىق، دەپ ئېيتقان ئىدى. ئۇ ئۆز ئوغلىغا نىمىمۇ دىيەلىسۇن؟

لولىس ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ، ئىككى قولىنى كىرىشتۇرۇپ تىزىغا قويۇپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ مىنى ئاتىسىنى ئولتۇرگەن جىنايەتچى، دەپ ئەرز قىلارمۇ؟ ئەگەر ئۇ ماڭا ئوخشاش قاۋۇل بولسا، هازىر نىمە ئىشلار يۈز بىرىشى مۇمكىن؟ لولىس هەممىنى كۆرتتى، ئادەم ئولتۇرگەن قاتىل، قاتىل — لولىس بوۋىسىنىڭ توي قىلغان چاغدا چۈشكەن رەسىمدىكى، ئىگىز قاتتىق ياقىلىق كىيىملەرنىڭ هازىر ئۆز ئۈستىگە كىيىلىپ قالغانلىقىنى تۇيۇقسىز كورۇپ قالدى. مانا بۇ ئاتىسىنى ئولتۇرۇش جىنايىتىنىڭ بەلگىسى. لېكىن ئۇ ئۆز كوڭلىدە ئېغىز بىلەن ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرخىل خاتىرجەملىكنىڭ بارلىقىنى هىس قىلدى. چۈنكى، ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايتتى. بۇنى ئۇ ناهايىتى ئوچۇق كورۇپ يەتتى. خۇددى موهوردەك بۇ نەرسە كوزگە كورۇنۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئىگىز، قاتتىق ياقىلىق كىيىملەر هەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيتتى، پەقەت ئاتىسىنى ئولتۇرگەنلىك جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلىنغان كىشىلەردىلا بولاتتى. لولىس ئۆزىنىڭ بۇنداقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سىزىپ، ئۆزىنى خوشال تۇتتى، چۈنكى، ئۇ ئانىسىنىڭ يۈرەك باغرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئانىسى ئۇنى قانداقمۇ ئەرز قىلسۇن؟

ئانىسى ئۇشۇق - توشۇك گەپ قىلمىدى.

لولىس قولىنى كوكسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

— ئانا سەن شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، هازىر سەن مەن بىلەنلا قالدىڭ. ئىلگىرى ئاتامۇ بار ئىدى. هازىر پەقەت مەنلا قالدىم، — دىدى.

بۇ هەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت لولىسلا قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ مىنۇتلاردا تولىمۇ يالغۇز هىس

قىلدى. ئەگەر لولىسمۇ كېتىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟
ئۇ ئۈمىتسىزلىنىپ قايغۇلۇق ئۆكسۈپ يىغلىدى. قاتتىق يىغىدىن كېيىن، ئۇ، مەنىسىزلىك، ئۈمىتسىزلىك ھىس قىلدى.
— شۇنداق! — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
— دۇنيادا مەندىن باشقا ھېچنىمەڭ يوق، — دېدى لولىس تەمكىن ھالدا.
ئۇنىڭ ئانىسى كوز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇراتتى.
— جېنىم بالام! — دېدى ئۇ لولىسقا يېقىن كېلىپ، كولۇمسىرەپ، قولى بىلەن لولىسنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇ لولىسنى قانداق ياخشى كورۇشى لازىملىقىنى بىلەلمەي قالغاندەك قىلاتتى.
— ئىككىمىزلا قالدۇق، ھە، جېنىم ئانا، — دېدى لولىس ئانىسىغا تەبەسسۇم بىلەن كولۇمسىرەپ.
— جېنىم بالام!
بۇ ئانىلىق مېھرىنىڭ ساداسى ئىدى. ئانا خوشال بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قاچا - قۇچىلارنى قويىدىغان ھوجرىدىن ئوتۇپ ئوتۇنخانىغا كىرىپ كەتتى.

(ئاپتور ھەققىدە) فېننى گېدېس (1914 -) دانىيىنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ يوتلاندىيە يېرىم ئارىلىدىكى خالسونېس شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، پىرتېسىرا شەھىرىدە چوڭ بولغان. ئۇ 1933 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ، مېدىتسىنا، قانۇن ۋە ئەدەبىيات ئۆگەنگەن. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر قىسىم گېزىت، ژورناللارغا ھېكايە ۋە شېئىرلارنى يېزىپ تۇرغان. ئۇ كوپ ئەسەر يازغان يازغۇچى بولۇپ، ھېكايىلەر توپلىمىدىن «كوك پەردە» (1943)،

«قارا پەرىشتە» (1945)، «پالتا» (1958) قاتارلىقلار بار، پوۋېستلىرىدىن «ئورمان» (1950)، «سېرىق ئوي» (1953)، «بۆركۈت قانىتىدىكى بىر تال پەي» (1961) قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە «ئۈزۈم بىلەن ئۈچرىشىش» (1953) دېگەن ئەسلىمىلەرنىمۇ يازغان. رادىو ھېكايىسىدىن «مەنسىز ھېكايە» (1964 - 1965) قاتارلىقلار بار. «ئەتىۋارلىق قوزا» دېگەن بۇ ھېكايە 1959 - يىل دانىيە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئون بەش پارچە ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى توپلىمى» دىن ئېلىنغان. ئەسەردە كىچىككىدىنلا ئاتا - ئانىسى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن بىر ياشنىڭ قانداق قىلىپ باغرى قاتتىق ئاقىنانچىغا ئايلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېمىت سوپى تەرجىمىسى

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدىن)

# ئايallar تۇرمىسى

ئاناتول فرانس (فرانسىيە)

بۇنىدىن تەخمىنەن ئون يىل بۇرۇن، ياكى ئون نەچچە يىل ئاۋال ۋە ياكى ئون يىلمۇ بولمىغان بولسا كېرەك، مەن بىر ئايallar تۇرمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ئىدىم. ئۇ ھېنرى IV* نىڭ زامانىدا، دەريا بويىغا سېلىنغان قەدىمىي قەلئە بولۇپ، چاسا تاشلار ياتقۇزۇلغان ئېگىز ئوگزىلىرى جەنۇپتىكى تۇمانلىق بىر كىچىك شەھەرگە قاراپ تۇراتتى. تۇرمە باشلىقى ئۇقادەك ئاقىرىپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى قوپۇۋەتكەن بولۇپ، قارا رەڭلىك سۇنئىي قىسقا چاچ كىيىپ يۇرەتتى. قارىماققا ئۇ پېنسىيىگە چىقىشقا تېگىشلىك ياشلاردىكى كىشى ئىدى، باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ تۇرمە باشلىقى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ئىدى. ئۇ، تۇرمىدىكى 300 نەپەر ئايال جىنايەتچىنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى ئۈستىدە خام - خىيال قىلغان ئەمەس، لېكىن شەھەردىن خالىغان 300 ئايال تاللاپ كېلىپ، بۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى ئۇلاردىن كۆپ ناچار بولۇشى ناتايىن دەپ قارايتتى.

---

* ھېنرى IV — (1610 — 1553) 1589 - يىلدىن 1610 - يىلغىچە فرانسىيىگە پادىشا بولغان.

تۇرمە باشلىغىنىڭ مۇلايىم ۋە ھارغىن كوز قاراشلىرى ماڭا: "بۇ يەر سىرتقا ئوخشاشلا، ھەممە نىمە بار" دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز ھويلىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، قاتار تىزىلغان ئايال جىنايەتچىلەر شامالداش ۋاقتىنى توگىتىپ ئوزلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە موماي لارنىڭ ئەپتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. بىزگە قەدىناس دوختۇر دوستۇم كابان ھەمرا بولغان ئىدى. ئۇ ماڭا، بۇ ئاياللارنىڭ كوپلىرىدە ئوزگىچە چۇشلۇك ئەيىسپ بارلىغىنى دەپ، دىققەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار چۇشكۇنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كوپىنچىسىدە، ئېغىر جىنايەت ياكى ھېچ بولمىغاندىمۇ يېنىك جىنايەتنىڭ ئىزلىرى تېپىلاتتى.

تۇرمە باشلىغى بېشىنى ئاستاغىنا چايقاپ قويدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ قاراشلىرىدىن قۇلىغىغا قانۇن دوختۇرىنىڭ نەزىرىيىسى پەقەت ياقمايۋاتقانلىغىنى ھەمدە ئۇنىڭ جەمىيەتىمىزدىكى گۇناكارلار بىلەن بىگۇنالار ئومۇمەن كوپ پەرقلەنمەيدىغانلىغىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ قەتئى ئىكەنلىگىنى ئېنىق كوردۇم.

ئۇ بىزنى ئىش ئورۇنلىرىغا باشلاپ باردى. ئايال جىنايەتچىلەر بولكا پىشۇرۇش، كىيىم يۇيۇش، ئىچ كىيىم، كىرلىك، داستىخان قاتارلىقلارنى ياماش، يۇيۇش ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىكەن. خىزمەت ۋە پاكىز مۇھىت، بۇ يەرگە ئازدۇر - كوپتۇر خوشاللىق بەخش ئەتكەن ئىدى. تۇرمە باشلىغى بۇ ئاياللارغا تولىمۇ مېھرىۋان بولۇپ، ئەڭ دوت ۋە ئاغزى ھەممىدىن بىزەپ ئايال جىنايەتچىلەرگىمۇ قوپال تەگمەيتتى، رەھىم قىلاتتى. ئۇ ئادەملەر ئوزلىرى بىلەن ئورتاق ياشاۋاتقان ئادەمنى ئىمكانقەدەر كەچۇرۇشنى، ياخشى دەپ قارايتتى. مەيلى ئېغىر بولسۇن ۋە ياكى يېنىك بولسۇن جىنايەت ئوتكۇزگەن ئاياللارغا نىسبەتەنمۇ زىيادە قاتتىق تەلەپ قويماسلىق كېرەك، دەيتتى. ئۇ باشقىلاردەك ئايال

ئۇغرىلار ۋە پاھىشىخانا خوجايىنلىرىنىڭ جازاغا تارتىلىش بىلەنلا، تەلتوكۇس ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ كەتمەيتتى، جازانىڭ روھىي دۇنياغا تاقىلىدىغانلىقىغا پەقەتمۇ ئىشەنمەيتتى، تۈرمىنى ئەخلاق مەكتىۋىگە ئايلاندۇرۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقمايتتى. ئۇ، كىشىلەرنى قىيناش — ئۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ھېساپلىمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بەختسىز ئادەملەرنى ئىمكانىقەدەر قىينىمايتتى. مەن ئۇنىڭدا دىنىي ھېسسىياتنىڭ بار - يوقلۇغىدىن بىخەۋەر، لېكىن ئۇ، گويا يۇيۇشتا ھېچقانداق ئەخلاقىي مەزمۇن يوق دەپ قارايتتى.

ئۇ ماڭا مۇنداق دىدى؛

— مەن، تۈرمە قائىدە - نىزاملىرىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن، ئۇنى بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم، ئايال جىنايەتچىلەرگىمۇ ئۆزەم بىۋاستە چۈشەندۈردۈم: تۈرمە قائىدە - نىزامىدا ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ مۇتلەق سۈكۈتتە تۇرۇشى، ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەمما، ئۇلار راستىنلا پەقەت زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرسا، ئۇنداقتا تامامى دوتلەش بولۇپ قېلىشى ياكى ئېلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن تۈرمە قائىدە - نىزامىنىڭ بۇنداق ئاقىۋىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۈمىت قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم. بۇ جەھەتتە مەن باش قاتۇرمىسام بولمايدۇ - دە. ئاندىن مەن ئۇلارغا: تۈرمە قائىدە - نىزامىدا سىلەرگە جىمجىتلىقنى ساقلاش بۇيرۇق قىلىنغان، بۇ نىمە دىگەنلىك؟ بۇ — كۆزەتچىلەر پارىڭىڭلارنى ئاڭلىماسلىقى كېرەك دىگەنلىك. ئەگەر ئۇلار ئاڭلاپلا قالسا، جازاغا تارتىلىسىلەر؛ ئەگەر ئۇلار ئۇقمايدىكەن، ئەيىپكە بۇيرۇلمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ ئىدىيىڭلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايمەن، ئەگەر سىلەرنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىدىيىڭلەرنى خەق ئۇقۇپ قالمىسىلا، سىلەرنىڭ نىمىلەرنى دەپ يۈرگەنلىگىڭلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايمەن، ئەلۋەتتە، دىدىم. ئۇلار ئاشۇنىڭدىن كېيىن، قانداق

پاراكەندىشىنى، باشقىلار ئىشتىمگۇدەك گەپ قىلىشىنى تەتقىق قىلىشتى. شۇڭا، ئۇلار ئېلىشىپمۇ قالمىدى، تۈرمە قائىدە ـ نىزا-مىمۇ بۇزۇلمىدى.

مەن ئۇنىڭدىن، باشلىقنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشكە قوشۇل-غان ياكى قوشۇلمىغانلىقىنى سورىدىم.

ئۇ ماڭا: تەپتىش باشلىقىنىڭ دائىم كايىيدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇلارنى تۈرمە ئىشىگىچە ئېلىپ بېرىپ: قاراڭلار، رىشاتكىلار پۈتۈنلەي ياغاچ، ئەگەر بۇ يەرگە ئەر جىنايەتچىلەر قامىلىدىغان بولسا، بىر ھەپتىگە قالماي ھەممىسى قېچىپ بولاتتى. ئايال جىنا-يەتچىلەردە تۈرمىدىن قېچىش نىيىتى يوق. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاچ-چىقىنى كەلتۈرمىگىنىمىز تۈزۈك. تۈرمە قائىدە ـ نىزاملىرى ئۇلار-نىڭ جىسمانى ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئانچە پايدىلىق ئەمەس. ئەمدى ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلماي، قىينايدىغان بولساڭلار، مەن ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولمايمەن، دېگەنلىكىنى سوزلەپ بەردى.

ئۇندىن كېيىن بىز داۋالاش ئۆيى ۋە قاماقخانىلارنى ئېكس-كۇرسىيە قىلدۇق: ئۇ خانىلار گەج بىلەن ئاپپاق ئاقارتىلغان چوڭ ـ چوڭ ئۆيلەر ئىكەن. بۇ ئۆيلەردىكى يالتىراپ تۇرىدىغان قەدىمىي زىبۇ ـ زىننەتلەر قالمىغان بولۇپ، كۆلرەڭ قورام تاش ۋە قارا مەر ـ مەر تاشتا سېلىنغان چوڭ ـ چوڭ تام ئوچاقلىرىلا قالغان ئىكەن. تام ئوچاقلارنىڭ ئۈستىدە كېلىشمەلىك، گۈزەل، كوكسى ھەيۋەت چىقىرىلغان دانىشمەن ئاياللارنىڭ ھەيكەللىرى تىزىلغان ئىدى. ئادالەت تەڭرىسىنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىدى. ئۇنى تەخمى-نەن 1600 ـ يىللاردا ئىتالىيە ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قو-بۇل قىلغان فراندىيەر ھەيكەلتاراشلىرى ئويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بويۇن ـ كوكسلىرى ئوچۇق، ئۇزۇن كوينىكىنىڭ ئىتىگىدىن يوتى-لىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا تەڭپۇڭلۇغىنى يوقاتقان

جىلغ چوكىسىنى ئىگىز كوتەرگەن ئىدى، جىگىنىڭ تەخسىلىرى مىس جاڭىدەك بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يەنە بىر قولىدا بىر شەمشەر تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچى دەل سىم كارۋاتتا ياتقان بىر كېسەل قىزچاقا ئۇدۇل تەگلەنگەندەك كورۇنەتتى. قىزنىڭ ئاستىغا سېلىنغان كورپە، قاتلاپ سېلىنغان بىر دانە لوڭگىدەك نېپىز ئىدى. قارىماققا ئۇ تېخى نارىسىدە قىزدەك قىلاتتى.

— قانداقىراق؟ خېلى ئوبدان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر كابان.

— ھەئە! ئەپەندىم، خېلىلا ئوبدان بولۇپ قالدىم، — دەپ كۇلۇمسىرىدى قىز.

— ماقۇل، يېتىڭ، ساقىيىپ كېتىسىز.

قىزنىڭ دوختۇرغا تىكىلگەن چوڭ - چوڭ كوزلىرى شاتلىق ۋە ئۇمىت بىلەن تولغان ئىدى.

— بۇ قىزچاق ئەسلىدە خېلى ئېغىر يېتىپ قالغان ئىدى، — دېدى دوختۇر كابان.

بىز زالدىن ئوتتۇق.

— ئۇ يېنىك جىنايەت بىلەن قاماققا ئېلىنغانمۇ؟

— ئېغىر جىنايەت بىلەن.

— ھە؟!

— بوۋاق ئولتۇرگەن جىنايەت بىلەن.

بىز كارىدۇرنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ، ئەپلىككىنە بىر ئېغىز كىچىك ئويگە كىردۇق. بۇ ئوينىڭ ئىچىگە بىرنەچچە چوڭ ئىشكاپ قويۇلغان ئىدى. دەرىزىسى دالا تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رىشاتكىمۇ بېكىتىلمىگەن. ئۇ ئويدە ناھايىتى چىرايلىق بىر ياش چوكان شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر نىمە يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كېلىشكەن يەنە بىر ئايال ئورە تۇرغان بولۇپ، ئۇ كەمىرىگە ئېسىۋالغان بىرمۇنچە ئاچقۇچلار ئارىسىدىن بىر ئاچ-

قوچىنى ئىزلەۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى تۇرمە باشلىقىنىڭ قىزلىرى بولسا كېرەك، دېمەكچى ئىدىم، لېكىن تۇرمە باشلىقى ماڭا، بۇ ئىككى ئايال جىنايەتچى، دەپ ئەسكەرتتى:

— ئۇلارنىڭ مەھبۇس كىيىمى كىيگەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئۇلارنىڭ ياسىنىپ-جابدۇنۇشى باشقىلارغا ئوخشىمىغانلىقتىن تازا ئاڭقىرالماپتىمەن.

— ئۇلارنىڭ كوينەكلىرى ئۇستىخىنىغا لايىق تىكىلگەن ئىكەن، لېكىن باش كىيىمى كىچىك كېلىپ، چېچى پۈتۈنلەي سىرتقا چىقىپ قاپتۇ-دە، — دېدىم مەن.

— بۇنىڭدىن سەۋەپ، — دېدى تۇرمە باشلىقى، — ئەگەر بىر ئايالنىڭ بەستىگە لايىق قويۇق چېچى بولسا، ئۇنىڭ چېچىنى كوز-كوز قىلىشىنى مەنئى قىلىش تەس. بۇ ئىككىسى تۇرمە قائىدە-نىزامىغا رىئايە قىلىدۇ. خىزمەتتە تىرىشچان.

— بۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— بىرسى ئارخىپ ساقلىغۇچى، يەنە بىرى كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىسى.

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككىسى "قائىدە-يوسۇنغا زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر" ئىدى. تۇرمە باشلىقى بىزگە ئۆزىنىڭ ئېغىر جىنايەتچىلەرنى يېنىك جىنايەتچىلەردىن ياخشى كورىدىغانلىقىنى سەممىملىك بىلەن ئىقرار قىلدى:

— ماڭا ئايانكى، — دېدى ئۇ، — ئېغىر جىنايەتچىلەر ئۆزگەرمەس جىنايەتچىلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ھاياتىدىكى چېقىلغان چاقماقتەكلا بىر ئىش، ئۇلار تامامەن توغرا، باتۇر، ئالىجاناپ ئادەملەر. لېكىن مەن ئوغرى-يانچۇقچىلارغا ئەلۋەتتە باشقا خىل قاراشتا. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق تارىخى پۈتۈنلەي يىرگىنىشلىك، رەزىل، يېنىك جىنايەتلەر بىلەن پۈتكەن. ئۇلار ساپال قولاقلار. ئۇلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ رەزىل

ئادەتلىرى ھەركەتتە ئىزچىل ساقلىنىدۇ. بېرىلگەن جازانى نىسبىي ئېيتقاندا، ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلغانلىق، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار جىسمانىي، روھىي جەھەتتە ئانچە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنداق جازالارغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ، — ئۇ سەل تىن ئالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنداق دېگەنلىكىم، بۇ بىتەلەيلەرگە ئىچ ئاغرىتىشقا، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلتۇرۇشىغا قىلچىمۇ ئەرزىمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەن بۇ يەرنى كۆزەتكەنسېرى، بۇ يەردە پەقەت بەختسىز كىشىلەرلا بار، ھېچقانداق جىنايەتچى يوق دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالىمەن.

ئۇ بىزنى ئىشخانىغا باشلاپ، بىر كۆزەتچىگە 503 - نومۇرلۇق مەھبۇسنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

— مەن سىلەرگە ھازىرلا بىر ئويۇن كۆرسىتىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، مەن بۇنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىم يوق، بەلكى بۇ سىلەرگە بىر ئىلھام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ ئارقىلىق يېنىڭ جىنايەت ۋە جازاغا نىسبەتەن يېڭى كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ قالارسىلەر. سىلەر ھازىر كۆرىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان پاكىتنى ئۆمرۈمدە كۆپ قېتىملاپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان، — دېدى.

بىر ئايال جىنايەتچى كۆزەتچى بىلەن بىللە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ خېلى كېلىشكەن، ياشقىنا يېزا ئايالى بولۇپ، تۇرقىدىن ئاقكۆڭۈل، ساددا، مۇلايىملىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ساڭا بىر خوش خەۋەر يەتكۈزمەكچىمەن، — دېدى تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا، — جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى ئېپادەڭنىڭ ياخشىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قالغان قاماق ۋاقتىڭنى كەچۈرۈم قىلدى. شەنبە كۈنى تۈرمىدىن چىقىدىغان بولدۇڭ.

ئۇ ئىككى قولىنى بىر بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ قوسىقىنى تۇتقان ھالدا، ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ قۇلاق سالدى. لېكىن سەل گاڭگىرىغانلىقتىن بۇ گەپنى دەرھاللا ئاڭقىرالمىدى.

— ئالدىمىزدىكى شەنبە تۇرمىدىن چىقىپ، ئەركىن بولىدىغان بولدۇڭ.

ئەمدى ئۇ بۇ گەپنى ئۇققان ئىدى. ئۇ قوللىرىنى كۆتىرىپ دەرتمەنلىك، ئۈمىتسىزلىكنى بىلدۈرىدىغان بىر ھەركەتنى قىلدى-دە، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا:

— راست بۇ يەردىن كېتىشىم شەرتمۇ؟ ئۇنداق بولسا بۇنىدىن كېيىن قانداق قىلارمەن؟ بۇ يەردە يەيدىغىنىم، كىيىدىغىنىم بار، توقۇقۇزۇم تەل ئىدى...... سىز بۇ دىلى يۇمشاق ئەپەندىگە ئېيتىپ باقسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مەن مۇشۇ يەردە قالاي.

تۇرمە باشلىقى مۇلايىم، لېكىن قەتئىي ھالدا، ئۇنىڭغا كەلگەن بۇ شەپقەتنى رەت قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تۇرمىدىن چىقار چېغىدا، 10 — 12 فرانككىچە پۇل بېرىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇردى.

ئۇ ئىشخانىدىن يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

مەن تۇرمە باشلىقىدىن ئۇنىڭ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىدىم.

ئۇ بىر دەستە ئارخىپنى ئاختۇرۇپ تۇرۇپ:

— 503 - مەھبۇس، بۇرۇن پومىششىككە مالاي بولغان... ئۇ، خوجايىنىنىڭ بىر كوينىكىنى ئوغرىلىغان...... ئۇي ئوغرىسى...... خەۋىرىڭىز بار، قانۇن ئۇي ئوغرىسىنى قاتتىق جازالايدۇ، — دېدى.

غۇلامجان تەرجىمىسى

(«چەتئەل ھىكايىلىرى» ژورنىلىنىڭ 82 - يىل 3 - سانىدىن)

# ئېشەكنىڭ سىرى

رىزا ناسىر ( لىۋان )

بىر پۇلدار كىشى ئۆزى يالغۇز قۇملۇقتا ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن قۇملۇقتا يېرىپ باقمىغانلىقتىن يولدا ئادىشىپ قېلىشتىن بەك ئەنسىرەپتۇ.

بۇ بىر توپ كوچمەنچى سىگانلارغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، بىرلىكتە ساياھەت قىلىشىنى تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان پۇلدار ئادەم ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ماقۇل بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار دوست بولۇشۇپتۇ. سىگانلار بۇ مېھمانغا ئالاھىدە چىرايلىق چېدىردىن بىرنى قۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە تەملىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە، سىگانلار گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ، ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن ئۆزلىرىنىڭ كورگەن - بىلگەنلىرىنى سوزلىشىپتۇ. ئۇلار تۈن يېرىمىغىچە مۇشۇنداق قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرى، ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپ، گۇلخاننى ئۇچۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ.

— توختاڭ، — دەپتۇ مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلەر مېنى ئوبدان كۈتۈۋالدىڭلار، شۇڭا سىلەرگە ئۆز رەخمىتىمنى بىلدۈرمەكچىمەن، — ئۇ سوزلەۋېتىپ پەشمىتىنى سېلىپ، ھەميانىدىن ئون دانە تىللانى چىقىرىپتۇ، — بۇ مېنىڭ سىلەرگە تۇتقۇنۇم، قوبۇل قىلىڭلار. سىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئېلەڭلار، — پۇلدار ئادەم ئاقساقالغا شۇ سۆزلەرنى قىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىمدىشىپتۇ. سىگانلار ئىككىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بىر ھازاغىچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئاندىن تارقىلىشىپتۇ.

ئەتىسى، ئەمدىلا تاڭ ئېتىشىغا، ھېلىقى مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، كوزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. كىيىمنى كىيىۋېتىپ تىللا قاچىلىغان ھەميانىنىڭ يوقلۇغىنى سېزىپتۇ. كىيىمنى "چوقۇم يېرىم كېچىدە بىرسى ئوغرىلىۋالدى، مەن تېخى بۇلارنى دوست دەپ يۈرۈپتىمەن" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ غەم باسقان ھالدا.

ئاقساقال بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى ئاچچىغى كەپتۇ. چۈنكى ئۇ، دائىم سىگانلارغا ئوغرىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا تەلىم بېرىپ كەلگەن ئىكەن.

— دوستۇم، ئالدىرىماڭ، ئەگەر بىرسى مۇشۇ يەردە پۇلىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولسا، مەن ھوددى قىلىمەنكى، قوياش پاتقىچە ئۇ چوقۇم پۇلنى قولىڭىزغا ئەكىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ئاقساقال مېھمانغا.

ئاقساقال ئۆز ئادەملىرىنى يىغىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن: — ئارىمىزدا كىم ئوغرى، مەن تېپىپ چىقالايمەن، ھەممىڭلار مېنىڭ چېدىرىمغا بىر قېتىمدىن كىرىپ ئىشىگىمنىڭ قۇيرۇغىنى سىلاپ چىقىڭلار، سىلەرگە مەلۇم، مېنىڭ ئىشىگىم ئىنتايىن ئەقىللىق. ئەگەر ئوغرى ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى تۇتۇدىغان بولسا، ئۇ شۇ ئان ھاڭگىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان بولىدۇ، — دەپتۇ.

سىگانلار ئاقساقالنىڭ چېدىرىغا بىر-بىرلەپ كىرىشكە باشلاپتۇ. كوپچىلىك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، نەپەسلىرىنى بېسىپ، ئىشەكنىڭ ھاڭگىرىشىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى كىشىمۇ چېدىردىن چىقىپتۇ، ئىشەك ھاڭگىرىماپتۇ.

پۇلدار كىشى دەسلەپتە بۇ ئىشنىڭ ئۇنۇمى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۇمىت باغلىغان ئىكەن، ئەمما ئاخىرسىغا كېلىپ، ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ نەس باستانلىغىغا ئىشىنىپتۇ: "يۇتكەن پۇل كەلمەسكە كەتتى" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئىچىدە، ئاقسال سىگانلارنى باشقىدىن يىغىپ، ئۇلارنى بىرقاتار قىلىپ تىزىپتۇ.

— قوللىرىڭلارنى چىقىرىپ، ئالقىنىڭلارنى ئاچقان ھالدا ئالدىغا سوزۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، ھەر خىل، ھەر ياڭزا قوللار ئالدىغا سوزۇلۇپتۇ. ئاقساقال رەت ئالدىدىن ئوتۇپ، ھەر بىر قولنى بىر-بىرلەپ پۇراپ چىقىپتۇ. رەتنىڭ ئاخىرىسىغا كەلگەندە، ئۇ توختاپ، بىرسىنىڭ قولىنى قايتا-قايتا پۇراپتۇ ۋە:

— ئوغرى دىگەن سەن، تېزدىن ئاغىنىمىزنىڭ تىللاسىنى ئەپكىلىپ بەر، بولمىسا ھازىرلا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

بۇ ئوغرى دەرھال تىللانى تىقىپ قويغان يوغان تاشنىڭ يېنىغا ئوچقاندەك بېرىپ، ھەميانىنى ئېلىپ ئاقساقالغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاقساقالنىڭ "كاللاڭنى ئېلىۋېتىمەن" دىگەن سوزىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىكەن.

ھىلىقى مېھمان ھەم خوشاللانغان، ھەم ھەيران قالغان ھالدا، قايتۇرۇپ بېرىلگەن تىللالارنى سانىماي تۇرۇپ:

— سىز ئوغرىنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ ئىشىكىڭىز ھاڭگىرىمىغان ئىدىغۇ؟ — دەپ ئاقساقالدىن سوراپتۇ.

— خا، خاخا ...، — ئاقساقال قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىپتۇ، — بۇ، مەن بىلەن ئىشىگىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سىر. مەن ھەقىقى ئوغرىنىڭ ئىشىگىمنىڭ قۇيرۇغىنى تۇتۇشقا جۇرئەت قىلالمايدىغانلىغىنى پەرەز قىلغاچقا، ئىشىگىمنىڭ قۇيرۇغىغا پۇرىغى ئىنتايىن سېسىق بىر خىل ماينى سۇركەپ قويغان ئىدىم. قولىدا بۇ خىل سېسىق پۇراق بولمىغان كىشى ئەلۋەتتە ئوغرى بولىدۇ-دە، — دەپتۇ ئاقساقال.

ئەركىن قۇربان تەرجىمىسى

دۇنيا ئەدەبىياتى

(ئىككى ئايلىق مەجمۇئە)

(1982 - يىل 6 - سان)

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى

شىنجاڭ تىببى ئىنىستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168 850 م.م 1/32 باسما تاۋىغى: 5.75

1982 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى

1983 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098.718

تىراژى: 8.000 —— 1

باھاسى: 0.35 يۈەن

世 界 文 学 （维吾尔文）
1982年第六期

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版
新疆医学院印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　5.75印张
1982年11月第1版　1983年4月第1次印刷
印数：1——8,000

统一书号：M10098·718　定价：0.35元